# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

شىنخەي ئىنقىلابى ئىلى قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان

9

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى
ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخى ماتېرىياللار
تەتقىقات ئورنى

9

( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى )

## شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى

(9)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا تىزىلدى
شىخۇ ناھىيىلىك باسما زاۋۇتتا بېسىلدى
1982 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M11098·95
باھاسى: 0.40 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)


## مۇندەرىجە


ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىدا كورگەن-ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە ........ ياڭ فىڭچۇن
مەھەممەت تۇرسۇن تەرجىمىسى 1
ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى
گۇەن شىڭسەي........................................
ئۇتتۇق رېھىم تەرجىمىسى 31
ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋى قوزغىلىڭى توغرىسىدا
بىلىدىغانلىرىم ........................ خەن شىليالى
ئابلىكىم خېۋىر تەرجىمىسى 40
ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن بىر سەھىپە..........
گوڭ بىچىڭ........................................
ئا. ئەھمەت تەرجىمىسى 54
ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېلاۋخۇيغا بىر
نەزەر........................................جاۋ رۇڭجاڭ
ئا. ئەھمەت تەجىمىسى 77
كۇرە شەھىرىنىڭ تارىخى .......... جياۋ رۇڭجياڭ
ئا. ئەھمەت تەرجىمىسى 84
شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىلى قوزغىلىڭى
مۇختەبەر ........................................ 99

چىرا ۋەقەسى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلادى
خوتەن سىفەن مەكتىۋى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى ......
........................خ. تومۇر تەرجىمىسى 111
چىرا ناھىيىسىدە ئۆتكەن سېيىت ھاجى ۋەقەسى
توغرىسىدا ئەسلىمە ..........ئابدۇغىنى دامولla ھاجى 152
شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى قومۇل قوزغىلىڭى ......
.........................ئاقنىياز 161
«يېڭى گېزىت» تىن تاللانمىلار ..............
.............لىۋ جىنجيا تەرجىمىسى 181


# ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىدا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە

ياڭ فىڭچۇن

مەھەممەت تۇرسۇن تەرجىمىسى

بۇنىڭدىن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا، ئوقۇتقۇچىمىز جاۋ رۇي تارىخ دەرسلىك ماتېرىيالى بولمىغانلىقتىن ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋى تارىخىنى تېما قىلىپ كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچى شىئەندىكى مەلۇم مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىلى ھەربىي شتابىدا مىرزا بولغان ئىدى. ئىلى ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ھەر قېتىملىق يىغىن خاتىرىلىرى ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەن بولغاچقا ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ باش-ئاخىرىنى تەپسىلىي بىلەتتى. ئىلى ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جاۋ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 1916-يىلى ئىلىدا ۋاپات بولدى. كېيىن مەن ئىلى ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان خۇبېيلىق ياڭ شاڭتاۋ (ھەربىي دوختۇر)، چۇڭ رۇي (ئىلى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مەكتىۋىمىزدە ئوقۇتقۇچى بولغان) قاتارلىقلاردىن ئىلى ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىدىم. بۇ ماقالىنىڭ كۆپ قىسمى شۇلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن ئىبارەت.

يەنە بىر قىسمىنى ياڭ زىڭشىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار خاتىرىسى» دىن پايدىلاندىم. بۇ ئىشلارغا 40 نەچچە يىل بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم ئاجىزلاشتى. ماقالىدا چۈشۈپ قالغان، ياكى خاتا كەتكەن جايلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ تۈزۈتۈش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. گېلاۋخۇي

شىنجاڭغا گېلاۋخۇينىڭ كىرىش مەنبەئى: تۇڭجى يىللىرى زو زۇڭتاڭ خۇنەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىقنى باستۇرغىلى كەلگەندە گېلاۋخۇي تەشكىلاتى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە كەلگەن. شۇ چاغدا چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە مەيلى خۇنەن، ياكى ئەنخۇي قوشۇنىدا بولسۇن گېلاۋخۇينىڭ مەخپىي تەشكىلاتى بار ئىدى، خۇنەن قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، قايسى جايغا قەدىمى يەتسە شۇ جايدا گېلاۋخۇي تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى. دەسلەپتە خۇنەن قوشۇنىدا، ئاندىن يەرلىك قوشۇنلاردا، سىياسىي ساھەلەردە شۇنىڭدەك ئىشچى - دېھقان، سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار، كوچمەنلەر، لۈكچەك - خۇلىگەنلەر ئىچىگىمۇ تارقىلىپ گېلاۋخۇي تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى. تەشكىلىي جەھەتتە ئالدى بىلەن ئىسىم قويۇشتىن باشلايتتى. بەزىلىرىگە تاغ - دەريالار نامى، بەزىلىرىگە ئىجتىمائىي ئەھۋال نامىلىرى قويۇلاتتى. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىكىلىرى ئۆزلىرىنى "ئەژدەرھا تاغ" دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش، بۇلار چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇشنى



مەقسەت قىلاتتى. مانجۇ، موڭغۇل، شىۋە مىللەتلىرىدىن باشقا ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن، ئۇلارنىڭ تەركىۋى، كەسپىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر كىرىشنى خالايدىغانلار بولسىلا بىردەك قوبۇل قىلاتتى. بۇلارنىڭ چارە ۋە شوئارى: مەخپىي بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ۋىجدانلىق بولۇشنى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ چاغدا ئىشسىز ئاممىنا كۆپ بولغاچقا تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى گېلاۋخۇينىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى.

گېلاۋخۇي ئەزالىرىنىڭ مۇقىم يىغىلىش سورۇنلىرى بولمايتتى. تەشكىلىي پائالىيىتى 3 — 5 كىچە ياكى 10 كىشى ئەتراپىدا ئۆزئارا ئۇچرىشاتتى. ھېكايە ئېيتىش، رومان ئوقۇش، ناخشا ئېيتىش نامى بىلەن بىر يەرگە توپلىشىپ، ئەھۋال تىڭ - تىڭلاپ، مەخسۇس كىشى بەلگۈلەپ يۇقۇرىغا مەلۇم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان رومانلىرى كۆپىنچە لياڭشەن كۆلى، ۋاگاڭ قورغىنى، بەش مۇرىت قاتارلىق رومانلارنى ئاساس قىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شاپتۇللۇق باغدىكى ۋىجدانلىق بولىشى، لياڭشەن تەشكىلاتى، ۋاگاڭ ھەيۋىتى قاتارلىق ئىدىيەلەرنى داۋاملىق تەرغىپ قىلاتتى.

گېلاۋخۇي تەشكىلاتى مەخپىي بولسىمۇ ئۇنىڭ تارمىقى كۆپ، ھەركەت ئىقتىدارى چوڭ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلى ئىنقىلاۋىغا قاتناشقانلىقى زور ۋەقە ئىدى. ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى تەرەپ چىقىشالمىغان پەيتتە گېلاۋخۇي جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشتەك ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇپ،

ئىلى تەرەپ بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ ئۈرۈمچىگە قارشى تۇرغانلىقتىن يۈەن داخۇا ئامالسىزلىقتىن، ھوقۇقنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىچكىرىگە تىكىۋەتتى. گېلاۋخۇي دەسلەپتە بىر تەرەپتىن ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشىغا ياردەملەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىنغا قارشى ھەممە جايدا ھەرىكەت قوزغاشقا ئۇرۇندى. ياڭ زېڭشىن ئىنقىلاپنى باستۇرغان، پارتىيىلىكلەرنى قىرغان جاللات بولغاچقا گېلاۋخۇينىڭ قارشىلىقى 7 يىلغىچە داۋام قىلدى. كېيىن ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى توڭ مېڭشەي، ماجېنخې، مافۇ قاتارلىق خۇيزۇ قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ تاشلىدى.

## 2. ئىنقىلاپنى ئىلىدىن باشلاش

گۇاڭشۈي خاننىڭ 29-يىلى (1903) مەنچىڭ ھۆكۈمىتى مانجۇ چاڭ گېڭنى ئىلى جاڭجۈنلىقىغا تەيىنلىدى. چاڭ گېڭ ئىلىغا كېلىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ زورۇرلىگىنى ھېس قىلدى. لېكىن شۇ چاغدىكى قوشۇن چىرىكلەشكەن ئىدى. مانجۇلار ئەپيۈن چېكىپ كۈن بويى كەيپى-ساپا بىلەن ئۆتەتتى. چاڭ گېڭ ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىپ قوشۇنلارنى خىل قىلىش يولىدا مەنچىڭ ئوردىسىدىن ئىلىدا ھەربىي كۇرس (مەكتەپ) ئېچىپ ھەرقايسى قوشۇندىكىلەرنى تەربىيىلەش، جەنۇپتىكى شىمالغا يۈرۈش قىسىملىرىدىن بىر نەچچە باتالىيون ئەسكەرنى ئىلىغا يۆتكەپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئارقىلىق 8 خوشۇندىكى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ، چېگرانى مۇس-



تەھكەملىمەكچى بولدى. چىڭ ئوردىسى كۇرەدە ھەربىي مەكتەپ قۇرۇشنى تەستىقلىغاندىن كېيىن بۇ مەكتەپكە مەخسۇس مانجۇ باللىرىنى قوبۇل قىلدى. كېيىن بۇ مەكتەپ ئىلىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر كۈچى بولۇپ قالدى. گۇاڭشۈي خاننىڭ 30-يىلى (1904) چىڭ ئوردىسى يەنە جەنۇپ ئارمىيىسىدىن خۇبېي قۇرۇقلۇق قىسىملىرى 42-بىرىگادىسىنىڭ قوماندانى ياڭ زەنشۈينى ئۆز قوشۇنى بىلەن شىنجاڭغا يۆتكەپ، ئۇنى ئىلى قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

ياڭ زەنشۈي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. شۇ ۋاقىتتا ئىتتىپاقداشلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن كورۇنۇشتە چىڭ ئوردىسىغا سادىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاپقا كۈچ چىقارغان ئىدى. ۋۇخەندىكى ۋاقتىدا ياپونىيىدە ئوقۇغان زىيالىلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلەشتى. گۇاڭشۈي خاننىڭ 29-يىلى (1903) ياپونىيىدە ئوقۇغان زىيالىي ياشلار ئۇيۇشمىسى پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، شۇ پارتىيىدىكى پىڭ تېيمىن، پىڭ داشۇ قاتارلىقلاردىن گۇمانلىنىپ، چىڭ ئوردىسى ئۇلارنى جىددىي تەقىپ قىلىنغانلىقتىن، ئۇلار ۋۇخەندە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. دەل شۇ چاغدا ياڭ زەنشۈي بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭغا چىقىدىغان بولغاچقا، پىڭ قاتارلىقلار ياڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يىراققا بېرىپ قايتىدىن بىر ئىش قىلماقچى بولۇپ، ياڭ زەنشۈينىڭ قوشۇنىغا يوشۇرۇن سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى. شۇ سەپەردە پىڭ تېيمىن، پىڭ داشۇ، لى پاچۈەن قاتارلىق 10 نەچچە كىشى شىنجاڭغا كەلدى. بۇلارغا يول بويى

بىر مەسلىھەتتە بولغانلاردىن لى مىڭبياۋ، لەنجۇدىكى دىڭ باۋشەن قاتارلىقلارمۇ قوشۇلۇپ ئىنقىلاپ كەيپىياتى تەدرىجى پەلەك تارتىشقا باشلىدى.

ياڭ زەڭشۈي ئىلىغا كېلىپ قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردى. مانجۇ، موڭغۇل قوشۇنلىرىدىكى بىر قانچە مىڭ ئەسكەردىن باشقا يەنە ھەرقايسى پولك، باتالىيونلاردىكى ئادەم سانىنىڭ 10 مىڭدىن كام ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى تەرەپتە شىنجاڭ ئەمىرىگە قاراشلىق ھەر خىل ئەسكەرلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى، غەرپتە چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ چېگرىدا تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بۇ يەردە ئالدىراپ بىرەر ئىش قوزغايدىغان بولسا ئىككى ئوتتۇرىدا قىسىلىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلىدا مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن باشقا يەنە چەتئەل مۇھاجىرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى، ئەگەر ئېھتىيات بىلەن يوشۇرۇن تەشكىللەپ، كۆپ تەرەپلىمە ئالاقە باغلىماي تۇرۇپ ئالدىراپ-تېنەپ ئىنقىلاپ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلدى. ياڭ زەڭشۈي ئۆز ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن ئۆز پارتىيىدىكىلىرىنى ھەرقايسى ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنقىلاپنى تەرغىپ قىلىشنى ھەمدە ئىلىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە «ئىلى گېزىتى» نەشر قىلىپ ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنقىلاۋى تەشۋىقات يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. پىڭ تيېمىن، لى ياچۈەن، لى مىڭبياۋ قاتارلىقلانى ئايرىم ھالدا ئارمىيىدىكى خۇنەن،



خۇبېي، شەنشىلىك ھەربى ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا بۇيرىدى. پىڭ داشۇ ئىلىدىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە يېشىل باتالىيوندىكى ھەربى ئەمەلدارلارنى ئىنقىلاپقا ھەسداشلىق قىلىپ ياردەم بېرىشكە كۆندۈردى. ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېلاۋخۇينىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى زور ئىدى. ھەرقايسى قىسىم باتالىيونلاردا، ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئارىسىدىمۇ گېلاۋخۇي تەشكىلاتى بار بولغاچقا پىڭ تيېمىن گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقە باغلىدى. گېلاۋخۇي چىڭ سۇلالىسىغا قارشى بولغاچقا ئىنقىلاپ قىلىشقا قوشۇلماقچى بولدى. گېلاۋخۇينىڭ باشلىقى شۈي سەنتەيىنى كىشىلەر ئىلى دەرياسىدىكى ئەژدەرھا دەپ ئاتايتتى. ئىلىدىكى ھەرقايسى قىسىملاردىكى ئوفىتسېر جەڭچىلەرنىڭ تەخمىنەن يېرىمى گېلاۋخۇينىڭ ئەزاسى ئىدى. شۇنىڭدەك ھەرقايسى ساھەلەردىمۇ گېلاۋخۇي ئەزالىرى بار بولۇپ، ئىلىدىكى تەسىرى چوڭ ئىدى. ياڭ زەڭشۈي ئۆز نامى بىلەن شۈي سەنتەيىنى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەپ، مەخپى ھەرىكەت قىلىش، بۇيرۇق كۈتۈپ پەيتى كەلگەندە كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا بۇيرۇق بەردى.

بۇ چاغدا خۇيزۇلارنى ئىنقىلاپقا ئاۋاز قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش قىيىن ئىدى. چۈنكى فېئودال ھۆكۈمرانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللى ئۆچمەنلىكنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولغاچقا خۇيزۇ-خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچسىزلىك بار ئىدى. پىڭ داشۇ ئىلىدىكى شەنشى-گەنسۇلۇقلارنىڭ يىغىن مەسچىتىدىكى جامائەتنى توپلاپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە خۇيزۇلاردىن مائەر لاۋيې، خەن يۇشۇ قاتارلىقلار سۆزلەپ "خۇيزۇلار قول بولۇشنى خالىماي، قۇربان بېرىشلەردىن

قورقماي چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇردى. نەتىجىدە خەنزۇ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن قىرىلىپ، خانى ۋەيران بولدى. مەسىلەن، يۈننەندىكى دۇ ۋېنشيۇ قاتارلىقلار مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۆت يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى تىرە-پىرەك قىلىۋەتتى. كېيىن خەنزۇ ئەمەلدارى لىن چىنچۈەن خەنزۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خۇيزۇلارنى قىرغىن قىلدى. شەنشىدىكى بەي يەنخۇ، گەنسۇدىكى ما خۇالۇڭ، شىنجاڭدىكى تۇمىڭ (تۇ دىلىن) قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن بولسىمۇ، بۇنىمۇ خەنزۇ ئەمەلدارلىرىدىن زو زۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭ ئېقىمىدىكىلەر خۇنەن ئارمىيىسىنى باشلاپ چىقىپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خۇيزۇلارنى قىرغىن قىلدى. شۇڭا "تەجرىبە-ساۋاقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەندە سىلەرنىڭ سۆزۈڭلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ" دېدى. پىڭ قايتا-قايتا چۈشەنچە بېرىپ "شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، خۇيزۇلارنى قىرغان خەنزۇ ئەمەلدارلىرى زو، ليۇلار چىڭ ئوردىسىنىڭ غالچىلىرى، خەنزۇلاردىن چىققان خائىن، ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان، يىغىپ ئېيتقاندا گۇنا يەنە چىڭ ئوردىسىدا. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى قىرغىن قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا خەنزۇلارنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ مەسىلەن: تەيپىڭ تىيەنگو قوزغىلاڭچىلىرى چىڭ سۇلالىسىغا 10 نەچچە يىل قارشى تۇردى. نەتىجىدە بۇنى خائىن زىڭ گوفەن باستۇرۇپ



تاشلىدى. كۆپلىگەن خەنزۇلار قىرىلدى. خەنزۇ، خۇيزۇ مىللەتلىرى ئوخشاشلا مانجۇ ھۆكۈمرانلىقى تەرىپىدىن كەمسىتىلىۋاتىمىز. ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بىللە قوزغىلاڭ كۆتۈرمەيمىز" دېدى. بۇنىڭ بىلەن خۇيزۇلار قايىل بولۇپ، ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى بىۋاسىتە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردىن ھاكىم بەگ ئىنقىلابنى قوللاپ، سەككىز يۈزدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە دېھقانلار ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلابقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، چوڭ سودىگەر ھۆسەن باي، ياقۇپ باي قاتارلىقلارمۇ ئىنقىلابنى قوللاپ ھەربىي ئۆتۈك، ئىگەر، شۇنىڭدەك باشقا بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەشكە رازىلىق بىلدۈردى. ياڭ زەڭشۈي بىر نەچچە يىللىق تەشكىللەش ۋە ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى تەدرىجىي تولۇقلىدى. مانجۇ، موڭغۇل گازارمىلىرىدىن باشقىلىرىدا شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلىپ، ئىنقىلاب پارتلاش ۋەزىيىتىگە يېتىپ بارغان ئىدى.

ئىلىدا ئىنقىلاب كەيپىياتى پەيدىن-پەي جىددىيلەشكەن پەيتتە چىڭ ئوردىسى گۇاڭ فۇنىڭ ئورنىغا جىڭ رۇيىنى ئىلى جاڭجۈنلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى. جىڭ رۇي ئاق سۆڭەك خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئاچ كۆز، ياۋۇز ئىدى. ئۇ خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن پادىشا جەمەتىگە تايىنىپ ئىستىبدات سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇنىڭغا كىشىلەر نارازى بولدى. سابىق جاڭجۈن گۇاڭ فۇ ئەسلىدە مانجۇ بولۇپ، ئاق كۆڭۈل ئارمىيە

ۋە خەلق ئارىسىدا مەلۇم تەسىرى بار ئىدى. بۇ چاغ-
لاردا چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر-
نىڭ ۋەزىيىتىدە بولۇۋاتقان ئۆزگۈرۈش خەۋەرلىرى ئىلىغا
يېتىپ كېلىپ، كىشىلەر قەلبىدە داۋالغۇنۇش پەيدا قىلدى.
شۇنىڭدەك ئىلىغا يېڭى كەلگەن ئەسكەرلەرنى جەنۇپتىكى
شىمالغا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىدىن يوتكەپ كەلگەن بولغاچ-
قا ھوكۈمەت دائىرىلىرى ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ قالغان، جىڭ
رۇي ۋەقە چىقىپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياڭ
زەڭشۈينىڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي تارقىتىۋېتىشنى ئويلىغان
بولسىمۇ لېكىن بانا تاپالمىدى. ۋەقەنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشى-
دىن ئەنسىرىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئەسكەرلەر بىلەن ھەر-
بى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ماجرا چىقىپ،
ھەر ئىككى تەرەپ قورال ئىشلەتتى. جىڭ رۇي بۇنى بانا
قىلىپ ئەسكەرلەرنىڭ مەشىق قىلىش ۋاقتىدا سەرەپ قىلىدىغان
ئوق - دورىلىرىنى تارقاتماي تۇتۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقى-
دىنلا ياڭ زەڭشۈيگە قول ئاستىدىكى ئەسكىرى قىسىملارنى
پۈتۈنلەي تارقىتىپ تۈركۈمگە بولۇپ ئىككى ئۆلكىگە قايتۇ-
رۇشقا بۇيرۇق بەردى. ياڭ زەڭشۈي يالغاندىن قوشۇلغان
بولۇپ، جاڭجۇن مەھكىمىسىگە بېرىپ، قايتۇرۇلىدىغان ئەس-
كەرلەرگە يول خىراجىتى بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. يەنە
بىر تەرەپتىن جىڭ رۇينىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن خىز-
مەتتىن ئىستېپا سورىدى. ياڭ زەڭشۈي ئۆز مەھكىمىسىگە قايت-
تىپ كېلىپ، دەرھال ئۆز گۇرۇھىدىكىلەرنى چاقىرىپ مەخپى
يىغىن ئاچتى، ئۇلار پۇرسەت پىشىپ يېتىشتى، دەرھال
قوزغىلىش كېرەك، بىراق قورال، ياراق، ئوق، دورا كام-
چىل دېيىشتى. ياڭ زەڭشۈي پىلىڭ تيېمىن، لى ياچۇەن



قاتارلىقلارنى كۈچىنىڭ بارىچە جەنۇبى ئىسكىلاتتىكى خا-
دىملارنى ھەركەتلەندۈرۈشكە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا جەنۇبى
ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان يېڭى تىپتىكى قورال - ياراق
ئوق - دورىلار كۆپ ئىدى. ئەگەر جەنۇبى ئىسكىلاتتىكى
خادىملار ئىنقىلابقا قاتنىشىدىغان بولسا قورال - ياراق،
ئوق - دورا مەسىلىسى ئۆزلىكىدىن ھەل بولاتتى. پىلىڭ
تيېمىن، لى ياچۇەنلەر جەنۇبى ئىسكىلاتتىكى خادىملارنىڭ
ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا ئىچكى
ئۆلكىلەردىكى قوزغىلاڭ ۋە تيەنجىندە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق
ھوكۈمەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ
بىلەن جەنۇبى ئىسكىلاتنىڭ مەسئۇلى خۇاڭ لىجۈڭ مەخ-
پى ھالدا ئىنقىلاۋى پارتىيىگە قاتناشتى، ھەمدە ۋاقتى-
سائىتى كەلگەندە ئىسكىلاتنى تەقدىم قىلماقچى بولدى.
ياڭ زەڭشۈي ئۆز ئادەملىرىنى مەخپى ھالدا ئىلى، سۈي-
دۈڭ، تارچى (شىخو)، قورغاس قاتارلىق جايلارغا ئەۋەت-
تىپ شۇ جايدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنى ھەركەتلەندۈردى.
ھەمدە قوزغىلاڭ ۋاقتىنى بېكىتتى.

## 3. كۈرەدىكى كېچىلىك جەڭ

ياڭ زەڭشۈي خۇبېي ئۆلكىسىدىن بولۇپ، تۇڭمىڭ-
خۇينىڭ ئەزاسى ئىدى. ياپونىيىدىن ۋەتەنگە قايتقاندىن
كېيىن ۋۇخەندىكى جەنۇبى مىللىتارىستلار ئارمىيىسىدە ۋە-
زىپىگە تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ۋۇخەندىكى يېڭى
ئارمىيىنىڭ باشلىغى ۋە ئىنقىلاۋى پارتىيىدىكىلەر
بىلەن زىچ ئالاقىدا بولدى. ئىلىغا يوتكەلگەن چاغدا

چېگرا رايونىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش خىيالى بولسىمۇ ئۇنىڭ
ئارمىيىسى ئىلىدا يىگانە بولغاچقا ئوپۇل - توپۇل ھەرىكەت
باشلىمىدى. جىڭ رۇي ياڭ زېڭشىنگە ئەسكەرلەرنى تارقىتى-
ۋېتىشكە مەجبۇرلىغاندا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈشكە ئالدىرايتتى. ياڭ زېڭشىن بۇنى پۇرسەت كەلدى دەپ
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

بۇ ۋاقىتتا جاھىللاردىن شېنشى، گەنسۇ باش تەپ-
تىشى چاڭ گېن، شەرقى شىمال باش تەپتىشى جاۋ ئەرشۈن،
شىنجاڭنىڭ ئەمىرى يۈەن داخۇا، ئىلى جاڭجۈنى جىڭ رۇي
قاتارلىقلار غەربى شىمالدا ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ زورايمىغان-
لىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۈەنتۇڭنى غەرپكە يۆتكەپ كېلىپ
ساقلاپ قالماقچى بولدى. ۋۇچاڭ ئىنقىلاۋى دائىرىلىرى
بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، چىڭ يېڭشىغا شاڭخەيدىن ئىلىغا
بىر پارچە مەخپى تېلېگىرامما ئەۋەتىشنى ھاۋالە قىلدى.
تېلېگىرامما رۇسىيە ئارقىلىق ئەۋەتىلدى. تېلېگىراممىدا
چىڭنىڭ ئوردىسىنىڭ غەربى شىمالدا پانا جاي تاپماقچى
بولغان سۇيىقەستىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن تېزلىكتە
ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇشقا دەۋەت قىلىنغان ئىدى.
ياڭ زېڭشىن ئۆز ئادەملىرىنى چاقىرىپ دەرھال مەخپى
يىغىن ئېچىپ (1911-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنى) دىخانلار
كالېندارى بويىچە 11-ئاينىڭ 19-كۈنى كەچتە قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈشنى بەلگىلىدى. پىلاڭ تېپىمىن، خۇاڭ لىنجۇڭلارنى
جەنۇبى ئىسكىلاتنى ئىشغال قىلىشقا، لى ياچۇەننى شەر-
قى دەرۋازىنى ئىشغال قىلىپ، قورغان سىرتىدىكى مالىگشياۋ،
شۈيجيەنگو، جاڭ گۈشىڭ، خې ن گۇاڭخېن قاتارلىقلار
باشلامچىلىق قىلغان پىيادە، ئاتلىق ۋە قۇرۇلۇش قىسىملى-



رىغا ماسلىشىشقا؛ شۈي سەنتەي، خۇاڭ باۋشەن باشلام-
چىلىق قىلغان پىدائىلار شەھەر ئىچىگە كىرىپ قورال - يا-
راق، ئوق - دورا ئېلىپ چىقىشقا؛ خاۋ كېچۈەن باشلامچىلىق
قىلغان زەمبىرەك قىسمى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە ھۇجۇم
قىلىشقا؛ پىڭ داشۈنى مائاۋىن دۇتۇڭ مەھكىمىسىگە ھۇ-
جۇم قىلىشقا؛ لى مىڭبياۋ، دىڭ باۋشەن، لى يىڭ قاتار-
لىقلارنى شىمالى ئىسكىلاتقا ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاش-
تۇردى.

ئىلى ھەربى مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىش-
چى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مانجۇ پەرزەنتلىرى بولۇپ،
مەكتەپ ئېچىلغاندىن تارتىپ ھەربى قىسىملار بىلەن تۇقۇ-
نۇشۇپ تۇراتتى. ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى مەخپى كۆ-
زىتەتتى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە 11-ئاينىڭ 13-كۈنى
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى ھەربى مەكتەپ ئوقۇتقۇ-
چىسى سۈڭ شىمىڭ خەۋەر تېپىپ جىڭ رۇيگە دوكلات قىل-
غان. جىڭ رۇي: قورغاننىڭ ئىچى - تېشىدا مانجۇ، موڭغۇل
ئەسكەرلىرى بار، ھەر قايسى پولك، باتالىيونلار، شۇنىڭ-
دەك مانجۇ، موڭغۇل مىللەتلىرى قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل
تۇرالايدۇ، ئۇلار تەۋەككۈلچىلىك قىلغان تەقدىردىمۇ قو-
رال - ياراق، ئوق - دورىسى يېتىشمەي، ئىشنى ۋۇجۇتقا
چىقىرالمايدۇ، مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ
ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ تاشلىغىلى بولىدۇ دەپ ھىساپ-
لىدى. 19-چىسلا كەچتە ھەربى شتاپتىكى چىن جاپۇ
ئىنقىلاۋى ئارمىيىنىڭ بۈگۈن كېچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرىدى-
غانلىقىنى مەلۇم قىلغاندا جىڭ رۇي ھودۇقۇپ، نېمە قىلىشىنى
بىلەلمەي، مانجۇ، موڭغۇل قىسىملىرىنى شەھەرنى قوغداشقا،

يېڭى، كونا مانجۇ باتالىيونلىرىنى ئىنقىلاۋى ئارمىيە قوزغىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى پۈتۈنلەي پاك-پاكىزە يوقۇتۇش توغرىسىدا جىددى بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن ئۇلار كېچىكىپ قالغان ئىدى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە ۋاقتىدىن بۇرۇن ھەرىكەتكە كەلدى. پىلىڭ تىيېمىن، خۇاڭ لىجۇڭلار ئالدى بىلەن جەنۇبى ئىسكىلاتنى ئىشغال قىلىپ توت ئەتراپنى قامال قىلدى، لى ياچۇەن شەرقى دەرۋازىنى ئىشغال قىلىپ دەرۋازىنى ئېچىپ مالىڭشياۋ ۋە شۈي سەنتەينىڭ پىدائى قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى كۈتىۋالدى. شەھەرگە كىرگەنلەر ئالدى بىلەن جەنۇبى ئىسكىلاتتىن قورال-ياراق، ئوق-دورا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەرنىڭ كۈرەش روھى تېخىمۇ ئۆستى. ھەر قايسى قوشۇنلار ھەمكارلىشىپ جاڭجۈن مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا جىڭ رۇي ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، مەھكىمە دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ جان تالىشىشقا باشلىدى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە مەھكىمىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ھۇجۇم قىلدى.

جىڭ رۇي قېچىپ شىبلىڭ ياموُلىغا كىرىۋالدى. بۇ چاغدا پىلىڭ داشۇ دوتۇڭ ياموُلىنى ئىشغال قىلغان ئىدى. يېڭى مانجۇ قوشۇنلىرى قاتتىق قارشىلىق كورسەتتى. جىڭرۇي ھەرقايسى قوشۇنلارنى توپلىماقچى بولۇپ، ئەسكەرلەرنى چاپسان يېتىپ كېلىڭلار دەپ ئويلىدى. لېكىن سۇيدۇڭدىكى ئەسكەرلەر چېچىلىپ كەتكەچكە يىغماق قىيىن بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ كوپ قىسمى گېلاۋخۇي ئەزالىرى بولغاچقا شۈي سەنتەي ئالىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن ئۇلار كەلمىدى. شىۋە، داغۇر، موڭغۇل،



ئولۇنتلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئەسكەرلەر ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بورىتالا، تېكەس قاتارلىق جايلاردا بولغانلىقتىن كام دېگەندە 3، 4 كۈنسىز يېتىپ كېلەلمەيتتى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە چاقماق تېزلىگىدە ھەرىكەتلىنىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقى مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدا ئىنقىلاۋى ئارمىيىگە ھەربى شتاب بىلەن يېڭى، كونا مانجۇ باتالىيونلىرى قارشىلىق كورسۇتۇۋاتاتتى. كېيىن ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشۈنۈپ قارشىلىق كورسەتمىدى. ياڭ زەنشۈي كونا مانجۇ باتالىيونىغا ئوزى بېرىپ بەش مىللەتتىن تەركىپ تاپقان جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنىڭ ماھىيىتى، پايدا-زىيىنى توغرىسىدا چۈشەندۇرۇپ، قارشىلىق كورسەتمەسلىك، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. يېڭى مانجۇ باتالىيونىنىڭ باشلىقى مىڭ كۇتەي مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئوز باتالىيونىغا قوشۇپ سوقۇشقا قاتناشتۇردى. ئۇلار ئىنقىلاۋى ئارمىيىگە قارشى تۇردى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە شەرقى دەرۋازىنى ئېچىۋاتقاندىن كېيىن ئىنقىلاپقا ئاۋاز قوشۇپ شەھەرگە كىرگەن خۇيزۇ، خەنزۇ ھەر ساھە خەلقىمۇ قورال تارقىتىپ ھۇجۇمغا قاتناشتۇردى. بۇ ۋاقىتتا گەنسۇدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن خۇيزۇ ما گاس، مادابېزا (يوغان بۇرۇن) قاتارلىقلار بىرقانچە يۈز كىشىنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ يېڭى مانجۇ باتالىيونى بىلەن خېلى ئۇزاق ئېلىشقان بولسىمۇ، ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىدى. ئىنقىلاپچىلار زەمبىرەك بىلەن ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا ياڭ زەنشۈينىڭ كوڭلىدە باشقىچە سان بولغاچقا، ئۇنداق قىلىشقا رۇخسەت

قىلمىدى. ئۇ مانجۇ قوشۇنلىرى ۋە خەلق ئوتتۇرىسىدا ئىناۋىتى بار كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ياڭ زەڭشىن ئۆزى سابىق جاڭجۈن گۇاڭ فۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرۈپ قويۇشىنى سورىدى ھەمدە خىتاپنامە ۋە تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى گۇاڭ فۇغا ئېيتتى. گۇاڭ فۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئاق كۆڭۈل بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن قان تۆكۈلۈشنى خالىماي، كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. شۇ چاغدا ياڭ زەڭشىن يېڭى مانجۇ باتالىيونىغا بېرىپ، چوڭ داۋلىنى چۈشەندۈرۈپ، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، زاڭزۇدىن ئىبارەت 5 مىللەتلىك جۇمھۇرىيەت تەشكىللەپ جۇمھۇرىيەتنىڭ چوڭ داۋلىلىرىنى ئېلان قىلدى. ياڭ زەڭشىن خۇيجاڭلىقىغا كورستىلدى. بۇ چاغدا يېڭى مانجۇ باتالىيونى بىر ياقتىن ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ كۈچ قۇدرىتىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۇاڭ فۇنىڭ ئىناۋىتى بىلەن ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىدى.

ياڭ زەڭشىن شەھەر ئىچى ۋە سىرتىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەر يىغىنىنى چاقىرىپ ئۇرۇشتىن كېيىنكى، يېڭى ھوكۇمەت قۇرۇش ۋە ھوكۇمەت مەسئۇللىرىنى سايلاپ چىقىش ھەمدە كېيىنكى باسقۇچتىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرىدە ھوكۇمەت مەسئۇللىرىنى سايلاش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش بولدى. ياڭ زەڭشىن گۇاڭ فۇنى يېڭى ھوكۇمەتنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە كورسەتتى. لېكىن يىڭ، لى قاتارلىقلار



بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. چۈنكى ئىنقىلاپنىڭ مەقسىدى مەنچىڭ ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش بولغانلىقتىن ئىنقىلاۋىي جەڭچىلەر جاپا-مۇشەققەتتىن، قۇربان بېرىشتىن قورقماي مەقسەتكە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىش بېشىغا گۇاڭ فۇ چىقىدىغان بولسا جەڭچىلەر رازى بولمايدۇ، ئىلى ئىنقىلاۋى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسى ئاجىز، ئەگەر ئەڭ ئالى ھوقۇقنى مانجۇ جىڭ رۇيىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، يەنە مانجۇ گۇاڭ فۇغا بەرسەك بۇ قانداق بولغىنى؟ دەپ سەۋەپ كورسەتتى. ياڭ زەڭشىن شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا ئاساسەن پايدا-زىياننى تەھلىل قىلدى: (1) بۈگۈن كەچتىكى ئۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا مانجۇ قىسىملىرى بىرگە ئىتائەت قىلمىدى. باشقا مانجۇ، موڭغۇل قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەر تېخى ئىگەللەپ كەتكىنى يوق، ئەگەر ئۇلار بىرلىشىۋېلىپ بىرگە قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالىغا زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. (2) ئىلى ئىنقىلاۋى مەملىكەتنىڭ غەربىدىكى بىر بۇرجەكنى ئىشغال قىلدى، شەرقتە شىنجاڭ ئەمىرى يۈەن داخۇا، شەنشى، گەنسۇ قوماندانى چاڭ گېڭ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ كۈچى خېلى زور. شەرقى جەنۇپتا چىڭخەي، شىزاڭ، شەرقى شىمالدا موڭغۇللار تۇرۇپتۇ. بۇ كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ مۇۋاپىق چارە قوللانمايدىغان بولساق كىچىككىنە ئىلىنى ساقلاپ تۇرالمىشىمىز ئىنتايىن قىيىن، بۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ شەرققە يۈرۈش قىلىپ سوقۇش قىلغىلى بولسۇن؟ گۇاڭ فۇدا پەقەت باش مۇپەتتىش دەيدىغان قۇرۇق ئىسىملا بار، ئارمىيە، ھوكۇمەتنىڭ ئەمەلى ھوقۇقى پارتىيىلىكلەر قولىدا. گۇاڭ فۇنىڭ

نامى بىلەن ئېلىدىكى 8 چى ئەسكەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، تاشقى جەھەتتە ئۇنىڭ نامى بىلەن يۈەن داخۇە، چاڭ گېن ئېقىمىدىكىلەرنى تارتقاندا ئىنقىلاۋى كۈچلەر ئۆلتۈرۈپ شەرققە يۈرۈش قىلالايدۇ. پارتىيىلىكلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. 20 - چىسلا ئەتىگەنلىكى گۇاڭ فۇۋە ياڭ زەنشۈي نامى بىلەن ھەر ساھەدىكى باشلىقلارنىڭ جىددى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ياڭ زەنشۈي تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) گۇاڭ فۇنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە كۆرسىتىش، بۈگۈنلا خىزمەت تاپشۇرۇپ ئېلىش؛ (2) يېڭى مانجۇ باتالىيونى، شۇۋە باتالىيونلىرىنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىش (بۇ ئىككى باتالىيون ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ قول ئاستىدا بولىدۇ)؛ (3) ھەرقايسى يېڭى — كونا مانجۇ باتالىيونلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەيدۇ؛ (4) ئىلگىرىكى پولك، باتالىيونلارنىڭ نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئېلى قوراللىق ئارمىيە 1 - دىۋىزىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. دىۋىزىيە باشلىقلىقىنى ياڭ زەنشۈي قوشۇمچە ئۆتەيدۇ؛ (5) يېڭى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىدۇ، ۋە نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە تېلېگرام ئارقىلىق مەلۇم قىلىنىدۇ ھەمدە ئېلى ئىنقىلاۋى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ 5 مىللەتلىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. يىغىن ئاياقلاشقاندا، ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملاشقانلىقى، خەلقلەرنىڭ خاتىرجەم بولۇشى توغرىسىدا ئېلان چىقىرىلدى. شۇ كۈنى (11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى) ئەتىگەنلىكى جىژ رۇيىنى شىبىلىك يامۇلى ئىچىدىن قولغا ئېلىپ راۋاقنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى پۇلخانا ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈردى.



## 4. شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى

ئېلى چەت رايون بولۇپ، كۈچ جەھەتتە ئاجىز بولغانلىقتىن ئۇنى باشقۇرۇپ كېتىش ھەققىدە قىيىن ئىدى. ئېلى ئىنقىلاۋى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ياڭ زەنشۈي ھەربى قوشۇنلارنى خېلى تەرتىپكە سالدى. ئېلى 9 شەھەردىن خۇيزۇ، خەنزۇلارنى توپلاپ ھەربى قوشۇن تەشكىللەپ، مەشىق ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىپ شەرققە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدەك پارتىيىلىكلەرنى چاقىرىپ شەرققە يۈرۈش قىلىشنىڭ فاڭجېنىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئەمرى يۈەن داخۇانى، ئىنقىلاپقا ئاۋاز قوشۇپ جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىشنى تېلېگرامما ئارقىلىق ئۈگىتۈرۈپ ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلگەندىن كېيىن شەرققە يۈرۈش قىلىشنى بەلگىلىمەكچى بولدى. يۈەن داخۇادىن كەلگەن تېلېگراممىدا جۇمھۇرىيەتكە قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قورال كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. يۈەن داخۇا بىرىگادا (لۈي) باشلىقى ۋاڭ پېيلەننى بىر لۈي ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئېلىغا ماڭدۇردى ھەمدە يول ئۈستىدىكى پولك، باتالىيونلارنى جىددى يۆتكەپ ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ياڭ زەنشۈي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، باش قوماندانلىق نامى بىلەن لى ياچۈەننى بىر لۈي ئەسكەر ھەم مۇستەقىل 1 - ئاتلىق پولك بىلەن شەرقتىن (ئۈرۈمچى تەرەپتىن) كېلىۋاتقانلارغا قارشى ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا ئۆلكە تەرەپ جىڭنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ، داخىيەن، ۋۇتەي قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان

ئىدى. ئەلى ئىنقىلاۋى ئارمىيىسى ۋۇتەيگە كەلگەندە ئۇلكە تەرەپ ئەسكەرلىرى ئەلى ئارمىيىسىنىڭ جاسارەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇداپىئە ئورنىنى تاشلاپ داخىيەنگە چېكىندى. ئۇ چاغدا داخىيەندە ئەلى ئارمىيىسىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن جىڭدىن يۆتكەپ كەلگەن بىر باتالىيون ئەسكەر بار ئىدى. ئەلى ئارمىيىسى داخىيەنگە كېلىپلا ئۇلار بىلەن قاتتىق بىر كۈن جەڭ قىلدى. ئۇلكە قوشۇنلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي جىڭغا چېكىنىپ مۇداپىئە كۆردى. ئەلى ئارمىيىسى جىڭغا قوغلاپ كېلىپ ئىككى كۈن قانلىق جەڭ قىلدى. ئۇلكە قوشۇنى يەنە بەرداشلىق بېرەلمەي، جىڭنى تاشلاپ، قۇمبۇلاققا چېكىندى. قۇمبۇلاق — ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا بېرىشتا چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ، قۇملۇقنىڭ ئۇزۇنلىقى 30 كىلومېتىر، قېلىنلىقى بىرقانچە چى كېلەتتى. ئەسكەرلەر قۇملۇقتا قىينالدى. بولۇپمۇ زەمبىرەكچى قىسىملارنىڭ يۈرۈشىگە قىيىنچىلىق بولدى. ئەلى ئارمىيىسى قۇمبۇلاققا قوغلاپ كەلگەندە ئۇلكە قوشۇنلىرى 3 كۈن سوقۇش قىلىپ، ئاستا - ئاستا چېكىندى. ئەلى ئارمىيىسى داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلكە قوشۇنىنىڭ 5 - بىرىگادىسى گورتۇغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ۋاڭ پېيلەن ئالدىنقى سەپتىكى مەغلۇبىيەتنى ئاڭلاپ، گورتۇنى ئارقا سەپ بازىسى ھەم قوماندانلىق شتابى قىلىپ زور كولەمدە ئەسكەر ئېۋەتىپ قۇمبۇلاقتىكى ئۇرۇشقا ياردەم بەردى. ئىككى تەرەپ ئون كۈندىن ئارتۇق قاتتىق جەڭ قىلدى. قۇملۇق جەسەت بىلەن تولدى. ئۇلكە قوشۇنلىرىدىن 1000 نەچچە يۈز، ئەلى ئارمىيىسىدىن 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. ئۇلكە قوشۇنلىرى بەر-



داشلىق بېرەلمەي گورتۇغا چېكىندى. قۇمبۇلاقتا ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغدا ۋاڭ پېيلەن شىخو، ماناس، قۇتۇبى، سانجى قاتارلىق جايلاردىن ئاتلىق ھەم پىيادە ئەسكەر يۆتكەپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. ھەممە يۆەن داخۇادىن ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. ئالدىنقى سەپتە مەغلۇپ بولغان قوشۇن گورتۇغا چېكىنىپ ھەرقايسى جايلاردىن ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن بىرلەشكەندە ۋاڭ دەرھال قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، مۇداپىئە كۆرۈپ توساپ زەربە بېرىش، ھەرقايسى قىسىملار ئۆز ئورۇنلىرىنى مەھكەم ساقلاپ بۇيرۇق كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلكە قوشۇنى چېكىنگەن چاغدا ئەلى ئارمىيىسىنىڭ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ باشلىقى چيەن گۇاڭخەن بۇيرۇقنى كۈتمەي ئىلگىرىلەپ ئۆز قوشۇنى بىلەن گورتۇغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇپ لى ياچۇەننى ئەسكەر باشلاپ دەرھال يېتىپ كېلىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. بىراق قۇملۇقتا زەمبىرەكچى قىسىملارنىڭ يۈرۈشى قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى. چيەن گۇاڭخەن ئۇلارنى قەستەن يېتىپ كەلمەي مېنىڭ ئەسكەرلىرىمگە زىيان سالماقچى دەپ لى ياچۇەنگە چاپسان يېتىپ كېلىش توغرىسىدا يالغان خەت يازدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "بىز گورتۇنى پات-ئارىدا ئىشغال قىلىمىز، دۈشمەن تەرەپ ھازىر ئەسكەر توپلاۋاتىدۇ. شۇڭا سىز دادۇينى باشلاپ ئىلگىرىلەپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلىسىڭىز، كېچىكىپ قالساق، دۈشمەننىڭ ئەسكىرى كۈچى كۆپىيىپ كېتىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن، شۇڭا پۈرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك." ۋە باشقىلار. لى ياچۇەن

خەتنى كورۇپ راس دەپ چۈشۈنۈپ زەمبىرەكچى ئەسكەر-
لەرنى قۇمبۇلاقتا قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ
گورتۇغا ئىلگىرىلىدى. ئۇلار يېتىپ كەلگىچە چيەن گۇاڭخەن
ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان 3 باتالىيون
ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇلكە قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ
بىلەن چيەن، ۋاڭ بىرلىشىپ، لى ياچۇەن باشلاپ كېلى-
ۋاتقان قوشۇننى گورتۇدا پۈتۈنلەي قورشىۋالدى. چيەن
ئاسىيلىق قىلىپ لى ياچۇەن قوشۇنىنىڭ پۈتۈنلەي مۇھاسىرە
ئىچىدە قالغانلىق خەۋىرى ئىلىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن ياڭ-
زەنشۇي ئۆزى ياردەمگە بارماقچى بولدى ھەمدە باش
مۇپەتتىش گۇاڭ فۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يېتەرلىك كۈچ
توپلاپ 5 كۈن ئىچىدە جىڭنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىمەن
دەپ ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلدى. جىڭغا يېتىپ بېرىپ
گورتۇدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان لى ياچۇەن قوشۇنلىرى-
نىڭ 10 نەچچە كۈن قانلىق جەڭ قىلىپ، بىر قىسىم
ئىنقىلاۋىي جەڭچىلەرقۇربان بولغانلىقىنى، بىر قىسمى ئەسىرگە
چۈشۈپ، بىر قىسمى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىققانلىقىنى
ئاڭلىدى. بۇ چاغدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى قۇمبۇلاقنى ئىگەل-
لىۋالغان ئىدى. ياڭ زەنشۇي بىر تەرەپتىن جىڭنى
بېسىۋېلىپ، خىشەنتۇ تەرەپكە كېڭەيمەكچى بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن قۇمبۇلاقتا ئاتلىق ئەسكەر ئېۋەتىپ ئۇ يەردىكى
زەمبىرەكچى قىسىمنى خىشەنتۇ ئەتراپىغا يوتكەپ جىددى
ھەربىي ھالەتتە تۇردى. ياڭ زەنشۇي بىر باتالىيون
ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن بىر باتالىيون يېڭى پىيادە ئەسكەر-
لەرنى باشلاپ خىشەنتۇغا بېرىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ
چىققان ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنى توپلىدى. بىر كېچىدىلا 1000



دىن ئارتۇق ئادەم توپلاندى. ئۇلارغا ئاشلىق تارقىتىپ
قورال - ياراق تولۇقلاپ بەردى. دەل شۇ چاغدا چاخار
ئولۇنت ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جىڭغا
يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زەنشۇي جىڭدىكى بارلىق
ئەسكەرنى خىشەنتۇغا توپلاپ ئورتاق كۈرەش قىلىش توغ-
رىسىدا سوز قىلدى ۋە گورتۇغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى
ئورۇنلاشتۇردى. ئولۇنت ئەسكەرلىرى نەنسەننى بويلاپ،
قۇمبۇلاقنى ئايلىنىپ ئوتۇپ، گورتۇدىكى دۈشمەننىڭ ئوڭ ۋە
ئارقا تەرىپىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش. چاخار ئاتلىق ئەس-
كەرلىرى شىمالى قۇملۇقنى ئايلىنىپ ئوتۇپ گورتۇغا بېرىپ
دۈشمەننىڭ سول ۋە ئارقا تەرىپىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم
قىلىش ھەمدە دۈشمەن چېكىنگىچە كۈتۈپ تۇرۇپ زەمبىرەك
ئېتىلغان ھامان پۈتۈن كۈچ بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرىپ،
تەلتۆكۈس يوقۇتۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇلار
ھۇجۇم قوزغاپ يىگىرمە كېچىدە قۇمبۇلاقتا يېتىپ كېلىپ
دۈشمەننىڭ دىققەت قىلمىغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ شىددەت-
لىك ھۇجۇم قىلدى. ۋاڭ پېيلەن قاتارلىقلار ئىنقىلاۋىي
ئارمىيە گورتۇدا ھالاكەتكە ئۇچرىدى. جىڭدىكى ئەسكىرى
كۈچى كوپ ئەمەس، بىرگە تاقابىل تۇرغۇدەك مادارى يوق
دەپ، جىڭغا نىسبەتەن بىخۇتلۇق قىلغان ئىدى. ئىنقىلاۋىي
ئارمىيە يىگىرمە كېچىدە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلىغاندىلا
ئويقۇسىدىن ئويغۇنۇپ، ئالاقزادە بولۇپ، گورتۇغا چېكىندى.
ئىنقىلاۋى ئارمىيە كەينىدىن قوغلىدى. زەمبىرەك ئاۋازىنى
ئاڭلاپلا دۈشمەننىڭ سول ھەم ئوڭ تەرىپىدىن ھۇجۇم
باشلاندى. ئۇلكە قوشۇنى 4 تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراپ، گور-
تۇنى تاشلاپ شىخوغا قاراپ قاچتى. ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قوغلاپ

زەربە بەردى. گورتۇدىن سۇنغان كوۋرۇككىچە بولغان ئارىلىق قورال - ياراق ۋە جەسەتلەر بىلەن توشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇلكە قوشۇنى گەرچە پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ قوشۇن دىگۈدەك ھالى قالمىدى. ۋاڭ ھەم چىيەن قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز ساندىكى ئاقساق - چولاق ئەسكەرلەرنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە تەرەپتىن چىقىم ئانچە كوپ بولمىدى. ئۇلكە قوشۇنىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى. نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق - دورىلار غەنىمەت ئالىندى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە غەلىبە بىلەن شىخۇغا يۈرۈش قىلىپ، 4 تۈپ دەرەخكە يېتىپ بارغاندا، شىخۇدا ئۇرۇمچىدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى. (ياڭ زېڭشىن قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇننى شىخۇنى ساقلاشقا يوتكەپ كەلگەن.) ياڭ زەنشۈي ئۇز قوشۇنىنى ۋاقىتلىق 4 تۈپ دەرەختە توختۇتۇپ، ئالدىنقى سەپنى شىخۇنىڭ شەھەر ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ چاغدا ئىچكى ئولكىلەردىكى ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، جەنۇپ بىلەن شىمال سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇشنى ۋاقىتىنچە توختاتقان ئىدى. ياڭ ۋەزىيەتكە قاراپ ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى غۇلجىغا قايتىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزەتمەكچى بولدى.

## 5. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى

ئىنقىلاۋى ئارمىيە گورتۇ ئۇرۇشىدا غەلىبە قازىنىپ شىخۇغا يېتىپ كەلگەندە ئۈرۈمچى زىل-زىلىگە كەلدى.



ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى جايلاردىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرى بارلىق ئەمەلدارلارنى ئولتۇرگىدەك دىگەن سوز شەھەر كوچىلىرىغا پۈركىتىپ ئەمەلدارلارنى ئالاقىزادە قىلىۋەتتى. قۇمبۇلاتتا ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغدا شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى قوشۇمچە ئۈرۈمچى ۋالىسى ياڭ زېڭشىن، ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە بارايدىغاندە يۈەن داخۇا رۇخسەت قىلدى. لېكىن يامان نىيەتلىك ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭنى توڭگانلىك (ئادەتتە تۇڭگانلىك دەپ ئېيتىلىدۇ) قىلىپ ئۈرۈمچىدىكى 24 مەسچىتتىن (خۇيزۇ مەسچىتى) ئادەم ئېلىپ 5 باتاليون تەشكىللىدى. ياڭ زېڭشىن مۇشۇ 5 باتاليون خۇيزۇ ئەسكەرنى سىياسى دەسمايە قىلىپ، كۈچ دائىرىسىنى تەدرىجى كېڭەيتىپ، ۋاقتى كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى.

ياڭ زەنشۈي ئىلىغا قايتقاندىن كېيىن يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ، تەرتىپنى قوغداپ، ھەرمىللەت خەلقىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتتى. بىراق ئۇرۇمچى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. خەلق خاتىرجەم بولالمىدى. شۇ چاغدا جەنۇپ بىلەن شىمال بىرلەشكەن، مەنچىڭ خانى ئورۇننى بوشاتقان ئىدى. يۈەنشىكەي زۇڭتۇڭلۇق نامى بىلەن يۈەن داخۇاغا جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىش، ئىنقىلاۋى ئارمىيە بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ئۇرۇش توختۇتۇش توغرىسىدا تېلېگىرامما ئەۋەتتى. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىش (دۇدۇ) نامزاتىنى تېز مەلۇم قىلىشنى ئۇقتۇردى. يۈەن داخۇا يۈي خۇكيۈينى باش مۇپەتتىشلىككە كورسەتتى.

بىراق يېڭى خۇڭيۇينى گېلاۋخۇيچىلار ئولتۇرۇۋەتكەندىن
كېيىن ياڭ زېڭشىننى كورسەتتى.

يۈەن داخۇا 5 مىللەتلىك جۇمھۇرىيەتنى ئېلان قىلىپ، ئىلى بىلەن سۈلھى تۈزدى. ئىككى تەرەپ يىغىننى تارباغاتايدا ئاچتى.

سۈلھى قىلىشقان كۈنلەردە يۈەن داخۇا يۈەن شىكەيدىن ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلىگەن تېلېگراممىسى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسى چوڭ ھوقۇقىنى ياڭ زېڭشىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىچكىرىگە كەتمەكچى بولدى. ئىلى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئېچىلىق سوھبىتى ياڭ زېڭشىنغا قالدى. سوھبەتتە ئىلى تەرەپ شىنجاڭنى بولۇپ باشقۇرۇش، تيانشاننىڭ شىمالى قىسمىغا ئىلى ھوقۇق يۈرگۈزۈش، تيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئۈرۈمچى ھوقۇق يۈرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ قويدى. ئۇلكە تەرەپ شىنجاڭنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش، ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى بىرلەشكەننىڭ سىرتىدا تارباغاتاي، ئالتايلارنىمۇ بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش كېرەك، بۇنداق قىلىش ئىچكى-تاشقى جەھەتلەرگە پايدىلىق. ئۇلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشى پات ئارىدا قۇرۇلۇپ، نۆۋەتتە ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقانلارنى قايتا سايلاپ چىقىدۇ، سايلانغان ئىلى ھەم ئۇلكە تەرەپ ئەمەلدارلار ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ. قايسى تەرەپنىڭ سايلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، چوڭ ۋەزىپەتكە پايدىلىق بولۇشى لازىم دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى. ئىلى تەرەپ ئىنچىكىلەپ ئويلىمايلا بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشقا قوشۇلدى. ئارقىدىنلا ئۇلكە تەرەپ يەنە ئۇلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ ھوقۇ-



قىنى كىم تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككى تەرەپ ئۇزۇن تالاش-تارتىش قىلدى. ئىلى تەرەپ ھوقۇق تۇتسۇن دېگەنلەرمۇ بولدى، ئۇلكە تەرەپ ھوقۇق تۇتسۇن دېگەنلەرمۇ بولدى، ئاخىرىدا ئۇلكە تەرەپ يۈەن شىكەينىڭ ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ ئۇلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلىگەن بۇيرۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلكىلىك كېڭەش قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ياڭ زېڭشىن ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلى تەرەپ تەپسىلى مۇزاكىرە قىلماستىنلا قوشۇلدى. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى: ئىلى تەرەپ ئۇرۇش مەيدانىدا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئۈستەل ئۈستىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

### 6. ياڭ زېڭشىننىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى

ياڭ زېڭشىن يۈننەن مىڭزى ناھىيىسىدىن بولۇپ، قارانىيەت ئادەم ئىدى. شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن يۈەن شىكەينىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەرنى قىرماقچى بولدى. ياڭ زەنشۈينىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيە رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قەستلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا يۈەن شىكەيدىن ياڭ زەنشۈينى قەشقەرنىڭ تىنتەيلىكىگە، گۇاڭ فۇنى ئىلى چېگرا مۇداپىيە ئەلچىلىكىگە، پىڭ تىيمىننى ئىلى خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئىلى، تارباغاتاينىڭ كۆزەتكۈچىسى ھەمدە چېگرا مۇداپىيە مەھ-

كىمسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، لى ياچۇەن، پىڭ داشۇ، خې جيادۇڭ، خې كېچۇەن قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق خىزمەتلەرگە تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئىنقىلاۋى كۈچنى پارچىلىۋەتمەكچى بولدى. ياڭ زېڭشىن يەنە ياڭ زەنشۈينى ھىلە بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، قەشقەرگە بېرىش ئالدىدا ئۈرۈمچىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ياڭ زەنشۈي كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىنقىلاۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، سەزگۈرلىگى ئۈستۈن بولغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ ساختىپەزلىك قىلىۋاتقانلىغىنى چۈشىنىپ، جەنۇبى شىنجاڭدا گېلاۋخۇي بەگ غالجىرلىشىپ كەتتى. ئەھۋال قالايمىقان، شۇڭا دەرھال بېرىپ ۋەزىپىنى قولۇمغا ئېلىشىم كېرەك دىگەننى باھانا قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلمىدى. ياڭ زەنشۈي ئىنقىلاپنىڭ ھوقۇقىنى ۋاقتىنچە مالىكشياۋغا، سىياسى ھوقۇقىنى پىڭ تىيمىن، لى ياچۇەنگە تاپشۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇزداۋان بىلەن قەشقەرگە باردى. قەشقەرگە بېرىپ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، مالىكشياۋنى قەشقەرگە يۆتكەپ باردى. بۇ ئىككىسى قەشقەردە بىر نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپنىڭ مۇددىسىگە باشقا كىشىلەر ئىگە بولۇپ ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم يەۋاتقانلىغىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ باھانە سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ، رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە كەتتى. پىڭ داشۇمۇ سىبىرىيە ئارقىلىق بېيجىڭغا قايتتى، خې جيادۇڭ، خې كېچۇەنلەرمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ تەيىنلىگەن ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلماي، ئىچكىرىگە كەتتى. يالغۇز پىڭ تىيمىن، لى ياچۇەنلەر ئىلىدا ئىنقىلاپنىڭ ھەربى ھوقۇقىنى تۇتۇپ، ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرىغىنى ئاڭلىماي ياتتى.



1912 - يىلى پىڭ تىيمىن تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى بولۇش نامى بىلەن، چاررۇسىيىگە ئىلىنىڭ چارۋا مال، قوي يۇڭى ۋە باج كىرىملىرى ھېساۋىغا 2 مىليون رۇبلى پۇل قەرز ئېلىپ، قورال- ياراق سېتىۋېلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلماقچى بولدى. دەل شۇچاغدا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا كىرىشكە باھانا تاپالمايۋاتاتتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن چاررۇسىيە تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، داۋشىڭ بانكىسىنى ئىلى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ ئىشنى ياڭ زېڭشىن بىلىپ چوچۇپ كېتىپ دەرھال مەركىزى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىگە مەلۇم قىلدى. شۇندىن ئېتىۋارەن ياڭ زېڭشىن ئىنقىلاۋى پارتىيە كىشىلىرىگە تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلىپ، مەيلى خۇيزۇ، خەنزۇ ياكى باشقا مىللەت بولسۇن ئازراقلا گۇمان قىلغانلارنى بىرنىمۇ تىرىك قويماي ئۆلتۈردى. ئىلى ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلدى. ياڭ زېڭشىن گۇاڭ شى ئىسىملىك بىر كىشىنى ئىلىغا ئەۋەتىپ، ئىنقىلاۋى قوشۇنغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ما گاسىدىن پايدىلىنىپ پىڭ بىلەن لىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ما گاسى ئەسلىدە گەنسۇ خېجۇ (ھازىرقى لىنشا) لۇق بولۇپ، لۈكچەكلىك ھەم بۇلاڭچىلىق قىلغانلىغى ئۈچۈن قوغلاندى بولۇپ، ئىلىغا ئېقىپ كەلگەندە ئىنقىلاپ بولۇپ قالدى، ئاندىن ئۇ ئىنقىلاۋى قوشۇنغا قاتنىشىدۇ. ئۇرۇشتا باتۇر بولغانلىقتىن باتاليون كوماندىرى (يىڭجاڭ) لىققا ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا داۋاملىق كىرىپ- چىقىپ يۈرەتتى. ھېچكىم باشقىچە گۇمان قىلمايتتى. ما گاسى گۇاڭ شىغا سېتىلىپ 1913 - يىلى 12 ئايدا ئىلى كۈرە-

ده پلك تيپىمن بىلەن لى ياچۇەننى ئولتۇردى، ئۇزۇن
ئۆتمەي، ياڭ زېڭشىن باشقا سەۋەپ تېپىپ ماگاسىنى ئول-
تۇردۇەتتى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى
ياڭ زېڭشىننىڭ زۇلمىغا ئۇچراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جىنا-
يىتى ئىلگىرىكى مەنچىڭ ھوكۇمرانلىغىدىن ئېشىپ بولدى.
ئەنە شۇنداق داغدۇغۇلۇق باشلانغان ئىلى ئىنقىلاۋى مەغ-
لۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.



## ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

گۆەن شىڭسەي (شىۋە) يېزىپ قالدۇرغان ماقالا،
ئۇتتۇق رېھىم تەرجىمىسى

ئىلى گۇاڭشۇيىنىڭ 8 - يىلى (1882 - يىل) چاررۇسىيە
جاھانگىرلىگىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن تارتىپ تاكى
شۇەنتۇڭنىڭ 3 - يىلىغىچە بولغان (1911 - يىل) 30 يىلغا
يېقىن ئارىلىقتا يۇرتتا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمىدى. ئەمما
خەلق فېئودال، خان - بەگلەرنىڭ مۇستەبىت ھوكۇمرانلىغى
ئاستىدا ئازاپ - ئوقۇبەتتىن بىر كۈنمۇ خالى بولالمىدى. ئىلى-
دىكى مانجۇلار خاننىڭ ئورۇق - ئەۋلاتلىرى ھىساپلان-
غاچقا ئوغۇللار تۇغۇلۇپ 3 كۈندىن كېيىنلا ئەسكەرلىك تەمىنات-
قا ئوتتۇپ ئايلىق مۇئاش ئالاتتى. 8 ياشتا توپچى ئەسكەر
دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ مۇئاشى كۆپەيتىلەتتى. 13 ياش-
قا كىرگەندە خىللانغان پىيادە ئەسكەر دەرىجىسىگە ئۆس-
تۈرۈلۈپ، مۇئاشى يەنە كۆپۈيەتتى. 18 ياشقا تولغاندا ئات-
لىق ئەسكەرلەر دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ مۇئاشىغا 6 سەر
3 مىسقال كۈمۈش تەڭگە بېرىلەتتى. شۇندىن تارتىپ ئۆز
خوشۇنىدا ياكى جياڭجۈن يامۇلىدىكى بەش ئورۇندا خىز-
مەت قىلاتتى، ھەرگىز چاپا چەكمەيتتى، ئىلىدىكى خەنزۇلار-
نىڭ تولىسى خىزمەت قىلاتتى، تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ كۆپ

ئىدى. ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلاتتى. سودىگەرچىلىك قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. يەر تېرىغانلار غەللە - پاراق تاپشۇراتتى. چارۋا باقىدىغانلار ئوت بېجى، سودىگەرلەر تىجارەت بېجى تۆلەيتتى. ئىلىدىكى شىۋە، سولون، چاخار، ئولۇت، قاتارلىقلاردىن دېخانچىلىق ياكى چارۋىچىلىق قىلىدىغانلىرى باج تۆلىمەيتتى. بەلكى چېگرا چازىلاردا تۇرۇپ ئەمەلدارلارغا قارا خىزمەت قىلاتتى. ياكى ئۆز قوشۇنلىرىدا چاپارمەنلىك قىلاتتى، گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى ئىلىدا تېز پۈتتۈرۈش ھەربى مەكتىۋى قۇرۇلدى. مانجۇ، شىۋە، سولون، چاخار، ئولۇتلاردىن تاللانغان ياشلار قوبۇل قىلىنىپ، پىيادە، ئاتلىق، تۆپچى، سايپۇردىن ئىبارەت 4 ئەترەتكە ئايرىپ زامانىۋى ھەربى تەلىم - تەربىيە بېرەتتى.

گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى 4 - ئايدا جياڭجۈن چاڭ گېڭ ئىچكىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ چىقىپ ئىلىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە تەشكىللەپ شىۋەلەردىن 800، سولونلاردىن 200 يىگىت قوبۇل قىلدى (موڭغۇللارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس) باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنمىدى. شىۋەلەردىن قوبۇل قىلىنغان ياشلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ شۇ سەۋەپتىن دېخانچىلىقتا ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقتى.

شۇەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ لەنجۇنىڭ باش ۋالىيلىقىغا كۆتۈرۈلۈپ 6 - ئايدا ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دۇتۇڭى گۇاڭ فۇغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ لەنجۇغا كەتتى.

شۇەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى 6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقى بىلەن گۇاڭ فۇ ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلىنىپ، شىۋە-



لەرنىڭ سەردارى شى شەن مۇئاۋىن دۇتۇڭلۇققا كۆتۈرۈلدى.

شۇەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى چىڭ سۇلالىسى خاڭجۇدىكى جىڭ رۇي جياڭجۈن بىلەن ئىلى جياڭجۈنى گۇاڭ فۇنى ئۆز - ئارا ئالماشتۇردى. شۇ يىلى 9 - ئايدا جىڭ رۇي ئىلىغا كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالدى. گۇاڭ فۇ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ۋاقىتىنچە خاڭجۇغا بارماي ئىلىدا تۇرۇپ قالدى.

جىڭ رۇي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھەربى تەييارلىقلار بويىچە تېز پۈتتۈرۈش ھەربى مەكتىۋىنى ئەمەلدىن قالدۇردى قىش پەسلى بولغاچقا ئەسكەرلىكتە تەييار تاماق يەپ ئادەتلەنگەنلەرنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى تەييارلاشقا قانداقمۇ قۇدرىتى يەتسۇن. شىۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيى شەھەرگە يېقىن بولغانلىقتىن ئەھۋال ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. لېكىن چاخار، ئولۇت ئەسكەرلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قايتقىچە يول يىراق بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇنلىرى توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى. خەنزۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە خۇبېيلىقلار كۆپ ئىدى. ئۇلار يۆلەنچۈكسىز ۋە ماكانسىز قالدى. شۇ ۋاقىتتا ئىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتەۋاتقان ياڭ زەنشۈي ئىچكىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ چىققان سەردار ئىدى. بۇ كىشىمۇ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى. بۇ كىشى قول ئاستىدىكى كوماندىر، ئەسكەرلەرنىڭ بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي مەخپى يىغىن چاقىرىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ، قەمەرىيە 10 - ئاينىڭ مەلۇم كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇلار مەجلىسنى جەنۇبى دەرۋازا سىرتىدىكى ئاتلىق ئەسكەر كازارمىسىدا ئاچقان ئىدى. بۇ ئىشنى ھەربى مەكتەپتە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان مانجۇ ئوفىتسېرى گۇەن دولىن

سىزىپ تۈن يېرىمىدا گازارما سېپىلىنىڭ غەربى جەنۇبىدىن سىرىلىپ چۈشۈپ چوڭ سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللارغا جىياڭجۈنغا دوكلات قىلىدىغان جىددى ئىش بارلىقىنى ئېيتىدۇ. قاراۋۇللار ئۇنى ئاغامچا بىلەن سېپىل ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىۋالىدۇ. گۆەندۇلىن جىزرۇي بىلەن كۆرۈشۈپ خۇبېيلىقلارنىڭ مەخپى يىغىن ئېچىپ قوزغالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قوزغالماقچى بولغان خەنزۇ قوشۇنى گۆەن دۇلىننىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى سېزىپ، ئۇ كېچىسى ھېچقانداق ھەركەت قوزغىمايدۇ. جىز رۇي ھېچقانداق ۋەقە چىقمىغاندىن كېيىن گۆەن دۇلىنغا يالغاندىن ئىغۋا تارقىتىپ ئامانلىقنى بۇزدى دىگەن جىنايەتنى ئارتىپ، ئۇنىڭ قۇلىغىنى تېشىپ ئۈچ شەھەرنى (كۆرە، سۈيدۈڭ، ئىلى) ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى كىشىلەر جىز رۇينى پاراسەتلىك ئىش قىلدى، دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە جىز رۇي تەدبىرسىز ئىدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئېھتىياتچانلىقمۇ يوق ئىدى.

شۆەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېچە سائەت 10 دا ئاخىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شەھەر سىرتىدىكى خۇبېيلىق كوماندىر - ئەسكەرلەر شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىشتىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ بولغان ئىدى. (شەھەر ئىچىدە ئىككى ئورۇندا قورال - ياراق ئىسكىلادى بار ئىدى. جەنۇبى ئىسكىلات شەھەرنىڭ شەرقى جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ كونا مانجۇ باتالىيونى ساقلايتتى. شىمالى ئىسكىلات شەھەرنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ يېڭى مانجۇ باتالىيونى ساقلايتتى.) قوزغىلاڭچىلار ئالدى بىلەن جەنۇبى ئىسكىلاتتىكى قورال ياراقلارنى قولغا چۈشۈردى. بىراق بۇ ئىسكىلاتتا قورال -



ياراق ئاز، كۆپ قىسمى شىمالى ئىسكىلاتتا ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ھەركەت باشلىدى. بىرقىسمى جىياڭجۈن يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ ئوت قويدى، يەنە بىر قىسمى مۇئاۋىن دۇتۇڭ يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ ئوت قويدى. يەنە بىرقىسمى شىمالى ئىسكىلاتنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، دۇتۇڭ يامۇلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يېڭى مانجۇ گازارمىسىنىڭ راشاتكىلىق دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەردىكى يېڭى مانجۇ باتالىيونى بىركېچە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇشتا 7 ئادەم ئۆلدى. 20 - كۈنى ئەتىگەندە يېڭى مانجۇ باتالىيونىدىكى ئەسكەرلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىدى.

شۇ كېچىسى جىياڭجۈن جىز رۇي، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، ئەمدى ھېچقانداق ئامالىنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ ئۆزى يالغۇز ئاتلىق قاچتى. بىراق چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتەلمەي، يامۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئاتخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىققان بولسىمۇ قورقۇپ كېتىپ يىراققا كېتەلمەي، ئاتخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا مانجۇ باتالىيونىنىڭ سەردارى ئورگوچۈننىڭ ئۆيىگە باردى. ئورگىچۈن ئۇنى كۆرۈپ: "جىياڭجۈن، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرسىلا، بىرەر ئىش چىقمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ، يەنىلا ۋاقتىنچە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىرى ياخشى" دەپ جىز رۇينى ھويلىدىكى قومۇش دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش ئاللىقاچان توختاپ قوزغىلاڭچى كوماندىر - ئەسكەرلەر ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ جىز رۇينى ئىستەۋاتاتتى. بىر توپ ئادەم ئورگىچۈننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇلار جىز رۇينىڭ بۇ ھويلىدا يوشۇرۇنىۋالغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىدى. پەقەت ھويلا -

دىكى ئىگەرلەنگەن ئاق ئاتنى كورۇپ ئۇنى ئېلىپ ماڭ-
غاندا ئات باقار ئۇيغۇر ئادەم ئاتنى ئېلىپ ماڭغۇچىلارنى
قورقۇتۇپ: "ھوي! بۇ جياڭجۇننىڭ ئېتى، سەنلەر بۇنى نەگە
ئېلىپ ماڭىسەن؟" دېگەندە، "ھە! بۇ جياڭجۇننىڭ ئې-
تىمۇ؟ ئۇنداقتا جياڭجۇن چوقۇم مۇشۇ يەردە ئىكەندە!"
دەپ ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ جۇ رۇينى قومۇش ئىچىدىن
تېپىپ چىقتى. ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا جياڭجۇننى
چوڭ كوچىغا ھەيدەپ چىقتى. جۇ رۇي بىر ئېغىزمۇ سۆز
قىلماي ماڭدى، پولخانىنىڭ ئالدىغىچە سورەپ بارغاندا ئاي-
دىن: "مېنى ئولتۇرۇۋېتىڭلار، نېمە دېگەن ئازاپ بۇ!" دېدى.
ئامما ئۇنى سورىگەنچە، سودىگەرلەر ئويۇشمىسىنىڭ ئالدىغا
ئاپىرىپ ئاندىن كېيىن راۋاقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئاش-
پۇزۇلخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، پىلىك تېپىمىن تاپانچا بىلەن
ئېتىپ تاشلىدى. يىقىلغاندىن كېيىن كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ
ئاغزىغا بىر قىلىچ چاپتى-دە، ئۆلۈكنى چوڭ كوچىغا تاشلىۋەتتى.

قوزغولاڭچى قوشۇن گۇاڭ فۇنى ئىلىغا ۋالى بولۇپ،
خەلقنى خاتىرجەم قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. چۈنكى
گۇاڭ فۇ ئىلىدا ئۇزۇن تۇرۇپ خەلق ئارىسىدا ياخشى تەسىر
قالدۇرغان ئىدى. گۇاڭ فۇ جامائەتچىلىكنىڭ رايى بويىچە
ۋالىلىقنى قوبۇل قىلىپ، خەلق كوڭلىنى تىنچلاندۇردى، لېكىن
مۇھىم چوڭ ئىشلارنى ياڭ زەنشۇي ئۆزى بىجىرەتتى.

شۇ ۋاقىتتا سۈيدۈڭ ئامبىلى جۇ لىيەن، ۋەزىيەتنىڭ قولدىن
كەتكەنلىكىنى، جۇ رۇينىڭ ئولتۇرۇلگەنلىكىنى، ھوكۇمەتنىڭ
ئۆزگەرگەنلىكىنى، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد قال-
مىغانلىقىنى كورۇپ يامۇلنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى ئوق-
دورا ئىسكىلاتىغا ئوت قويۇپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن پار-



تىلاپ ئۆلتۈۋالدى. پارتلاش كۈچىدە دەريانىڭ جەنۇبىدىكى
شىۋە گازارمىسىنىڭ دەرىزىسىگە چاپلانغان قەغەزلەرمۇ يىر-
تىلىپ كەتكەن. ئاڭلانغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا تىترەش
ئاۋازى تىكەسكىچە يېتىپ بارغان. كىشىلەر يەر تەۋرىگەن
ئوخشايدۇ دېيىشكەن.

شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئەمىرى يۈەن داخۇا ئىلىدا ئىنقىلاپ
كوتۈرۈلۈپ جۇ رۇينىڭ ئولتۇرۇلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھوكۇمەت
ئەسكەرلىرىنى توپلاپ ياڭ زەنشۇيگە جازا يۈرۈشى ئېلىپ
باردى. ياڭ زەنشۇيمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى. شۇ ۋاقىتتا شىۋە
باتالىيونى 400 نەپەر، سولون، چاخار، ئولۇت باتالىيونلىرىدىن
ئىككى-ئۈچ يۈزدىن ياكى ئۈچ-توت يۈزدىن قاۋۇل يىگىت-
لەرنى تاللاپ جىڭنىڭ تود دەرياسى بويىدا ئۇرۇشۇپ تولىسى
ھالاك بولدى. يۈەن داخۇانىڭ ئەسكەرلىرىدىنمۇ كوپ چىد-
قىم بولدى. ئىككى تەرەپ جىڭدا تىركىشىپ قېلىپ يۈەن
داخۇانى چارىسىز قالدۇردى. ياڭ زېڭشىن يۈەن داخۇانىڭ
ئورنىغا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىلى تەرەپ
بىلەن سۈلھى تۈزدى. ياڭ زېڭشىن يولۋاسنى تاغدىن ئاي-
رىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، ياڭ زەنشۇينى قەشقەرنىڭ تى-
تەيلىگىگە كوتۈرۈپ ئىلىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇ يەنە مۇز بىلەن
كومۈرنى تەڭ قالاش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ خەنزۇ پىلىك تېپى-
مىننى ھەربى ئىشلار باشلىقلىقىغا، لى ياچۇەننى مەمۇرى
ئىشلار باشلىقلىقىغا، خۇيزۇ ما تىڭيۈننى پىيادە ئەسكەرلەر
توڭلىڭلىقىغا، مادابىزىنى ئاتلىق ئەسكەرلەر توڭلىڭلىقىغا تە-
يىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى يوقۇرقى توت كىشىنىڭ دۇنياسى
بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ توت كىشىنىڭ مىللىتى، دىنىي
ئېتىقاتى ئوخشىمايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمەل دەرىجىسى

ئوخشاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھوقۇق مەنپەئەت
تالىشىشتىن خالىي بولالمىدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى ( 1914 ـ
يىل) ما تىڭيۈەن، ما دابىزا قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ
يېرىم كېچىدە نۇرغۇن ئادەم بىلەن باستۇرۇپ بېرىپ، پىلىك
تېپىش بىلەن لى ياچۈەن ئىككىسىنى تۇتۇپ چوڭ كوچىدا
ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىپ سازايى قىلدى. بۇ خەۋەر ئۇرۇم-
چىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن، ياڭ فىشانى تەشۋىق
تەسەللى ئەمەلدارى قىلىپ ئىلىغا ئەۋەتتى. لېكىن ئىككى
ما ئىلىدا ھەممە ھوقۇقنى چات كېرىپ ھەربىي ئىشلارنىمۇ ئىگەل-
لىۋالغان ئىدى. گەرچە گۇاڭ فۇ ۋالىي بولسىمۇ لېكىن ئۇ،
نامى بار ئەمەلدە يوق قورچاققا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

مىنگونىڭ 3 ـ يىلى ( 1914 ـ يىلى ) قەمەرىيىنىڭ
بىرىنچى ئېيىدا گۇاڭ فۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ياڭ زېڭشىن
ياڭ فىشيانى ئىلى چېگرا مۇداپىئە ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىدى.
ياڭ فىشيا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كۆرەدىكى
بارلىق چوڭ ئەمەلدارلارنى زىياپەتكە چاقىردى.
كوپچۇلۇك كېلىپ مېھمانخانىدىكى ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا بىر تۇخۇم، چۆرىسىدە تاش تۇخۇم قويۇلغانلىقىنى كوردى.
ياڭ فىشيا سوزلەپ: "بۈگۈن كوپچىلىكنى پەقەت بىر ۋاخ
تاماق بىلەن ئازىراق ھاراق ئىچىش ئۈچۈنلا چاقىردىم، ئا-
دەتتىكى ئۆي تامىقى تەييارلىدىم. دولەت ئىشلىرى ۋە خىز-
مەت توغرىسىدا كېڭەش بولۇنمايدۇ. بىراق ھاراق ئىچكەندە
ھاراق ئويۇنى بولمىسا ھېچقانداق مەزىسى بولمايدۇ. شۇڭ-
لاشقا مەن ئالدىن-ئالا بۇ جوزىنى تەييارلاپ قويدۇم.
ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇخۇم، ئەتراپىدا تاش، كوپچۇلۇك
مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ كورۇڭلار. توغرا



دىگەنلەرگە ئۈچ رومكا ھاراق مۇكاپات بېرىلىدۇ، خاتا
ئېيتقانلارغا ئۈچ رومكا سۇ بىلەن جازا بېرىلىدۇ" دېدى.
ئەمەلدارلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ئەقىل ئىزلىشىۋاتقاندا
ما تىڭيۈەن يۈگۈنۈپ ئولتۇرۇپ كوز يېشى قىلىشقا باش-
لىدى. ياڭ ئۇنىڭدىن: "نېمىشكە يىغلايسىز؟" دەپ سورى-
دى. ما تىڭيۈەن جاۋاپ بېرىپ: "قوماندانىنىڭ مەخسىدىنى
مەن ئاللىقاچان چۈشەندىم!" دېدى. ياڭ ئۇنىڭغا: "چۈ-
شەنگەن بولسىڭىز ياخشى، ئۈچ رومكا ھاراق سۇنىمەن."
دىگەندە ما، سوزلەپ "بۇ جوزىنى مۇشۇ ئىلى زىمىنى
دىسەك، ئوتتۇرىسىدىكى تۇخۇم مەن بولىمەن. ئەتراپىتىكى تاش
كوپچىلىك بولىدۇ. بۇ تۇخۇم ھېچقانداق تەرەپكە قىمىرلى-
يالمايدۇ، قىمىرلىغان ھامان تاشقا تېگىدۇ. تۇخۇم تاشقا
تەگسە قانداقمۇ ساق قالسۇن؟ ئەگەر مەن ئىلىدا ئۇزۇن
تۇرىدىغان بولسام خۇددى تۇخۇمغا ئوخشاش چىقالماي
قالمايمەن" دېدى، ياڭ ئۇنىڭغا: "سىز بۇنى چۈشەنگەن
ئىكەنسىز، ئۇنداقتا روخسەت سوراڭ، يول خىراجىتىڭىزنى
مەن بېرىمەن" دېدى. ئىككىنچى كۈنى ما تىڭيۈەن، ما دابىزى-
لەر ئۇزۇن مۇددەتلىك روخسەت سوراپ قايتىپ كەتتى.
ياڭنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئاسى چۈشۈنۈشلۈك، چۈنكى
قابىلىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ ئوزىنىڭ
ئورنى ۋە ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىمەكچى. شۇنىدىن كېيىن
ياڭ فىشيا ئىلىدا جەمى يەتتە يىل تۇرۇپ مىنگونىڭ
9 ـ يىلى ئۇنىڭ خىزمىتى يوتكۇلۇپ ئورنىغا نيۇشى ئىز
باستى. ياڭ شۇندىن كېيىن ئەمەلدار بولۇش يولىدىن
قايتىپ، بوغدا چوققىسىغا بۇتخانا سېلىپ راھىپ بولۇشنى
ئويلاپ قايتا ۋەزىپە ئېلىشقا ئۇنىمىدى.

# ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋى قوزغىلىڭى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

خەن شىلياڭ يېزىپ قالدۇرغان ماقالا
ئابلىكىم خېۋىر تەرجىمىسى

گۇاڭشۇينىڭ 32 - يىلى ئىلىغا تەيىنلەنگەن گېنېرال چاڭ گېن جەنۇپ ئارمىيىسىدىكى 800 دىن ئوشۇق كىشى بىلەن كېلىپ ئىلى، كۇرەگە ئورۇنلاشتى. قوماندان ياڭ زەنشۈي ئەسكەر باشقۇرۇشتا قاتتىق قول بولغاچقا، قوشۇن ناھايىتى تەرتىپلىك ئىدى. قوماندان ياردەمچىلىرى پىڭ تيېمىن، لى ياچۈەنلەر ئىدىيىدە ئىلغار، كىشىلەرگە سەمىمى بولغاچقا ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. پەقەت كېيىن گېنېرال بولغان جۇ رۇي جياڭجۈن خەلقنىڭ غەزىۋىگە ئۇچرىدى. ئۇ، قوشۇننى قەستەن تارقىتىۋېتىپ خالىمۇ-خالى بىسىم ئىشلەتتى. بۇ چاغدا ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى پارتلىغان ئىدى. ھەر قايسى ئۆلكىلەر بۇ قوزغىلاڭدىن خەۋەر تېپىپ قىزغىن ئاۋاز قوشتى. ئىلىدىكى ئىلغار ئەرباپلارمۇ، مۇناسىپ ھالدا قوزغىلاڭ كوتىرىپ جۇ رۇينى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ سابىق گېنېرال گۇاڭ فۇنى دۇدۇلۇققا ئولتۇرغۇزدى. ھەمدە جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا شەرققە ئەسكەر تارتىپ، يۈەن داخۇاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جىڭ ناھىيىسىنىڭ گورتو دىگەن يېرىدە كەسكىن جەڭلەرنى قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقىپ، ئىلى ھوكۇمىتى بىلەن ئولكىلىك ھوكۇمەت ئوتتۇرىسىدا تېپچىلىق بىتىمى ئىمزالاپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكالىدى.

## ئىنقىلابچىلارنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى

شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى 10 - ئايدا ياڭ زەنشۈي قاتارلىقلار غۇلجىدىكى تۇڭگان مەسچىتى (ئاتاغلىق قىبدىمقى مەسچىت) دە "دولەتكە ئىئانە توپلاش" يىغىنى چاقىردى. بۇ يىغىنغا شۇ چاغدىكى ھوكۇمەت ۋە ھەربى ئەمەلدارلار، ھەر قايسى مىللەتلەردىن كوپ كىشى قاتناشتى. ھەربى ئوركېستىر ياڭراپ تۇردى. شەھەر خەلقى ناھايىتى كوپ كېلىپ يول-رەستىلەر ئادەمگە تولۇپ كەتكەن ئىدى. ياڭ زەنشۈي مۇنبەرگە چىقىپ، ئاجايىپ تەسىرلىك نۇتۇق سوزلىدى. سوزنىڭ مەزمۇنى: دولەت نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، قېرىنداشلار بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك، دىگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئوزىدىلا جۇ پامىلىلىك بىر تۇل خوتۇن نەق مەيداندا بىر دانە ئالتۇن بىلەيزۈكنى ئىئانە قىلدى. لو زىشەن دىگەن بىر ئادەم ئىئانە قىلغۇدەك نەرسىسى بولمىغانلىقتىن قولىنىڭ بارمىقىنى كېسىپ ئوز ئىرادىسىنى بىلدۈردى. مېنىڭ چوڭ دادام خەن يۈيشۇ تاغدىن قايتىپ كېلىپ، يىغىنغا قاتناشقاندا ساۋاقداشلىرىدىن خۇاڭ يىڭشۈەن، ۋۇ گۇاڭرۇڭ،

لى جۇڭلىدىن (بۇلار خەنزۇ موتىۋەرلەردىن ئىدى) لار چوڭ
دادامنى ئۆزلىرىنىڭ نامىدىن سوزگە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.
دادام مۇنبەرگە چىقىپ: "ئۆتكەندىكى ئىشلارنى ھەممىمىز بىلى-
مىز، باشقىلارغا باش قويۇشنىڭ شەرمەندىچىلىكلىرىنى ئۇنتۇپ
قالماي، ئىززەت - نومۇسىمىزنى ئاقلاشقا، قىساس ئېلىشقا
ھەممە نەرسىمىزنى ئاتىشىمىز لازىم. جاۋۇ ئۇرۇشىدا بىز
ياپونىيىدىن يېڭىلدۇق. ئەمما، خەلقنىڭ غەزىۋى بېسىلمىدى،
قوزغۇلۇپ جاسارەت كورسۇتىدىغان كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ..."
دەپ سوزلىدى. ياڭ زەڭشۈي قاتارلىقلار بىر قازاقنىڭ
خەنزۇ تىلىدا ئاجايىپ راۋان سوزلەۋاتقانلىقىنى كورۇپ
ھەيران قاپتۇ. كېيىن بۇ كىشىنىڭ بىر خۇيزۇ "زىيالى"
سى ئىكەنلىكىنى؛ ئوقۇشنى تاشلاپ تاققا بېرىپ قازاقلار
بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يۈرگەچكە قازاقچە كىيىنىۋالغانلىقىنى
بىلىپ، قىزغىن قول ئېلىپ كورۇشۇپ كوزلىرىگە ياش ئې-
لىشقان. ئاخشىمى پىلىڭ تيېمىن، لى ياچۇەن، خاۋ دافىڭ قا-
تارلىقلار ئويىمىزگە كېلىپ، چوڭ دادام بىلەن يېرىم كې-
چىگىچە سوھبەتلەشتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇلار دائىم
كېلىدىكەن، ھەتتا بەزىدە قونۇپمۇ قالىدىكەن. بۇلار غۇلجىغا
دائىم كىرىپ تۇرىدىكەن. قاۋاقخانا ئاشپۇزۇل، ۋە قىمار-
خانىلاردا تونۇشلىرى بار بوپتۇ، تونۇشلىرى ئارىسىدا
يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئۇيغۇرلاردىن ھاكىم بەگ، چوڭ
سودىگەر ياقۇپ باي، خۇيزۇ موتىۋەرلەردىن شىڭ لۇڭ، ما
شيۇۋېن، يۈۋ شىڭچۇنلەر، خەنزۇ موتىۋەرلەردىن شۈي
سەنتەي (گېلاۋخۇي باشلىقى) قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئۇ-
لار ياخشى دوستلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ، يۈۋ شىڭچۇەن يەنە
كېلىپ روسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ تەرجىمانى ئىكەن. ئۇ،



قابىلىيەتلىك، ئىجتىمائى ئالاقىسى كەڭ ئادەم بولغاچقا
روس كونسولخانىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىكەن. بۇ
يەردىكى مۇئامىلە ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىيالىغاچقا
جۇڭگولۇقلارمۇ، چەتئەللىكلەرمۇ ئۇنىڭ ئويىگە تولا بارىدى-
كەن. ئىنقىلاپچىلارمۇ ئۇنىڭ ئويىدە دائىم ھال - ئەھۋاللى-
شىپ ئىناق ئوتىدىكەن. كېيىنچە چوڭ دادام كۆرەدە چې-
قىدىغان «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىگە تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئىنقىلاۋى ئىشلارغا ئاكتىپ قاتناشتى.

## ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ پارتلاش جەريانى

يېڭىدىن تەيىنلەنگەن گېنىرال جىۋ رۇي ئوزىگە بەك
تەمەننا قويۇپ، مەنمەنلىك قىلىپ كەتتى. ئەمەل تۇتۇپلا جە-
نۇپتىن كەلگەن ئەسكەرلەرگە شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئۇ-
لارنى ئارقا - ئارقىدىن تارقىتىۋەتتى. مەھكىمە ئىچىدىكى
كونا ئەمەلدارلارنى ئىشتىن بوشاتتى. ئۇنىڭ ئوس-
تىگە تېز پۇتتۇرۇش ھەربى مەكتىۋىنى تارقىتىۋەتتى.
بۇنىڭ بىلەن ئامىمىنىڭ غەزىۋى قوزغالدى. ئۇچمەنلىك كۈن-
سېرى كۈچەيدى. ياڭ زەڭشۈيگە نىسبەتەن تېخىمۇ قەتئىلىق
قىلدى. بىر كۈنى ياڭ زەڭشۈي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كو-
رۇشكەندە ئۇ: "بۇ قېتىم ۋۇچاڭدا خائىنلىق قىلغان ياڭ
سىنىڭ نېمەڭ؟" دەپ سورىغان. ياڭ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: "ئاكام
بولىدۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. (جىۋ رۇي ۋۇچاڭدا ئۇنىڭ
ئاكىسى توغرۇلۇق بەزى سوزلەرنى ئاڭلىغان ئىكەن)، بۇ
جاۋاپنى ئاڭلىغان جىۋ رۇينىڭ تەلەتى بۇزۇلۇپ "چىقىپ
كەت!" دەپ ۋاقىرىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زادىلا قو-

بوٗل قىلمىغان. بىر قېتىم مۇھىم ئىش بىلەن قوبۇل قىلىشـ
نى تەلەپ قىلغاندا دەرۋازىدىكى پوستلار ئۇنى توسۇۋېلىپ
كىرگۈزمىگەن. بۇنداق ھاقارەت ياڭ زەنشۇيگە ناھايىتى ئەلەم
قىلغان. بىراق ئۇنىڭ 3 مىڭ سەر كۈمۈش قەرزى بولـ
غاچقا، كېتىشكە ئامالسىز قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ سەپەر جابدۇقـ
لىرىنى گورۇگە قويۇپ كېتىمەن دېسىمۇ، ئۇنىماي، قەرزىنى
ھە دەپ قىستىغان. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىنقىلاپچىلار
ئۇنى قوزغىلاڭ كوتورۇشكە دەۋەت قىلدى. بىراق، ياڭ زەنـ
شۇي ئۆزىنىڭ يالغۇزلىقىنى، شارائىتىنىڭ پايدىسىزلىقىنى
ھېس قىلدى. بۇ چاغدا خالايىق "خۇنەنلىك لىۋ شىيەنـ
جۇن 10 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ، يۈەن داـ
خۇانىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىپتۇ. يامۇلنىڭ چوڭ
دەرۋازىسىنى ئېلىش ئارىلىقىدا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆز شىتاپ
دەرۋازىسىنى مەھكەم قوغداشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. يۈەن داخۇا
توپچى ئەسكەر ئەۋەتىپ قورشاپ يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم
ئەۋەتىپ ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندـ
دەپتۇ. لىۋ شەنجۇن قاتارلىق 10 قانچە كىشىنى شۇ جايدا
ئولتۇرۇپتۇ" دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ دەر غەزەپكە كېلىپ
ئىنقىلاۋى خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. گېنېرال
مەھكىمىسىنىڭ كاتىۋات باشقارما باشلىقى قوشۇمچە سۈيـ
دۇڭ ئامبىلى خې جادۇڭ (ياڭ زەنشۇينىڭ دوستى ۋە يۇرتـ
دىشى ئىدى.) يوشۇرۇن ھالدا ئىچكى تەييارلىقلارنى ئىشـ
لەشكە مەسئۇل بولدى. شەھەر مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ مۇـ
ئاۋىن باشلىقى چېن جىنشىڭ، ئامبال ما جىڭشىڭ قاتارـ
لىقلار سىرتتىن ماسلىششقا مەسئۇل بولدى. دىخانلار كاـ
لىندارى بويىچە 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېچىسى ياڭ



زەنشۇي قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ گېـ
نېرال مەھكىمىسىگە بېسىپ كىردى. قېلىچ، تاپانچا، خەنـ
جەرلەرنى تەڭ ئىشقا سالدى. ئوق ئاۋازلىرىغا پوجاڭزا
ئاۋازلىرىمۇ ماسلىشىدى. ئۇلار باش دەرۋازىغا ئوت قويىـ
ۋېتىدى. ئاسمانغا ئۆرلىگەن ئوتلار بىلەن زىمىننى لەرزىگە
سالغان قىرـ چاپ ئاۋازلىرىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ
كەتكەن جىژ رۇي ئويان ـ بويان توۋلاپ باقتى. ئۇنىڭغا
ھەـ ھۇ دېيىشىپ بېرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. چۈنكى
مەھكىمە ئىچىدىكى ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئاللىقاچان قېچىپ
كەتكەن. ئۇ جىددى ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىپ
باستۇرۇش ئۈچۈن خەت يازماقچى بولدى. بىراق ھەددىـ
دىن زىيادە تەمتىرەپ كەتكەچكە خەت يېزىشقىمۇ ئۇلگۇرەلـ
مەي قولۇقۇپ قاچتى. بۇ چاغدا جەنۇبى قورال ـ ياراق ئىسكـ
لاتى ئىنقىلاپچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئۇلار
يۇز تالدەك مىلتىقنى غەنىمەت ئېلىپ، شىمالى دەرۋازىدا
مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ بىر باتاليونى بىلەن جەڭ قىلىشتى.
خەن يۇشۇ 10 نەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ شەرقى دەرۋاـ
زىدىن بېسىپ كىرىپ ياردەم بەردى. بۇ ئىشتىن سۈيدۈڭدىكى
ئەسكەر باشلىقى جۇ يۈيكۈي خەۋەر تېپىپ، ئەسكەر چىقارـ
ماقچى بولغاندا ۋالى خې جيادۇڭ ئامال قىلىپ ئۇنى توۋـ
سۇپ قېلىش ئۈچۈن ياڭ چوقۇر (ياڭ زەنشۇينى دىمەكچى)
نىڭ ئەسكەرلىرى مۇئاش داۋاسى قىلىشىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق چاغدا
بازارنىڭ ئامانلىقى مۇھىم. بۇيەردىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ.
تاڭ ئاتقاندا سۆرۈشتۈرسەكمۇ كېچىكمەيمىز" دېگەن گەپنى
قىلىپ ئۇنى ئەسكەر چىقىرىشتىن توختىتىۋالدى.
ياڭ زەنشۇي كۈچ جەھەتتە يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ،

ئاۋالقى گېنېرال گوۋاڭ فۇنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن باردۇ ۋە گەپ ياساپ، "گېنېرال جۇ رۇي ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنى قىسىۋالغاچقا، چاتاق چىقتى. ئەھۋال ئېغىر، گېنېرال ئالىلىرى ئالدىغا تەرتىپكە سېلىپ قويساق، دەپ كېردىم" دەيدۇ. ئۇ، گېپىنى تۈگۈتۈپلا يەرگە يۈكۈنىدۇ. گوۋاڭ فۇ گەپكە چىن پۈتۈپ "جۇ رۇي دېگەن ئەبلەخ، چوڭ چاتاق تېرىپتۇ-دە!" دەپ تىللاپ كېتىدۇ ۋە قارامىلىق ھەركەتلەرنى توختۇتۇش، مەسىلىنى ھەل قىلىش، جېدەلنى توختۇتۇش توغرىسىدا خەت يېزىپ مىڭ كوتەيگە ئەۋەتىدۇ. كوپچۇلۇك گوۋاڭفۇنى سودىگەرلەر جەمىيىتىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا كوپچىلىك ئۇنى "مۇۋەققەت دۇدۇ" لىققا سايلايدۇ. ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلەر بىلەن خەلققە جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان «شىنجاڭ ئىلى دۇدۇسى» دېگەن تامغىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزىدۇ. گوۋاڭفۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى چۈشۈنۈپ قانچە قىلسىمۇ ئىشنىڭ ئۇرنىغا كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كوپچىلىك يەرگە يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ. ھەتتا ياش توكىدۇ. گوۋاڭ فۇ ئىلاجىسىز ۋەزىيەتنى ئۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىدۇ. گوۋاڭ فۇ مانجۇلاردىن بولۇپ چىرىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى ئوبدان بولۇپ ئەسكەرلەرنى، خەلقنى سۆيگەچكە، كوپچۇلۇكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ، دۇدۇلۇق مەنسىۋىگە ئولتۇرۇپ، ئىش يۈرگۈزسە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر 8 ئايماقتىكى ئەسكەرلەر بىلەن خەلق ئۇنىڭ بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىدۇ-دە ھەممىسى خۇ-



شال بولىشىدۇ. ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى ئىستىبدات پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىغا، بەش مىللەتنىڭ جومھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ باراۋەرلىكنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىغا چەكسىز خوشاللاندى. بىر-بىرىنى تەبرىكلەشتى. تېچ كۈنلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشتى. بىر مەزگىلگىچە دەرۋازا-ئىشىكلەردىن دولەت بايرىقى چۈشمىدى. غەلبىنى تەبرىكلەش بىلەن كەيپىيات ئاجايىپ كوتىرەڭگۈ بولدى.

گوۋاڭ فۇ ئىلىنىڭ دۇدۇلىقىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن كۈرەنى مەركەز قىلىپ، ياڭ زەنشۈينى ھەربى مىنىستىرلىككە، خاۋداخىڭنى مەسلىھەتچى مىنىستىرلىككە، پىڭ تېيىبمىننى خارجى ئىشلار مىنىستىرلىگىگە، خې جىيادۇڭنى خەلق ئىشلار مىنىستىرلىگىگە، خۇاڭ لىجۇڭنى مالىيە مىنىستىرلىگىگە تەيىنلەيدۇ. ئىنقىلاپنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن لى ياچۈەنى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قوشۇمچە پىيادە 1-پولكىنىڭ باشلىقلىقىغا؛ شۈي سەنتەينى پىيادە 2-پولكىنىڭ باشلىقلىقىغا، ماتىڭ يۈنى ئاتلىقلار 1-پولكىنىڭ باشلىقلىقىغا، جاڭ گوشىڭنى ئاتلىقلار 2-پولكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. توپچىلارنىمۇ قوشۇپ مىڭ قانچە يۈز ئەسكەر بىلەن قوشۇن تارتىپ يۈەن داخۇانىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جىڭ ۋە شىخو ئارىلىقىدىكى گورتۇ دېگەن جايدا ئېلىشىدۇ. ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى قاماقخانىلارنى ئېچىپ تاشلاپ، ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ئەسكەر قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەيۋەتلىك قوشۇن بارلىققا كېلىدۇ.

## ئۆلكە مەركىزىدىكى پاتىپاراقچىلىقلار

**ئىلى ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى پىڭ تېيىمىننىڭ قول سې-**

لىپ ئىشلىشى ئارقىلىق ھەربى تەمىنات ئېھتىياجىنى قامداش يۈزىسىدىن "5 مىللەت بىرلەشمە جەمئىيىتى" قۇرۇلىدۇ، ھەر-قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى موتىۋەرلەرنى مەسلىھەتلىشىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئادەم تەربىيلەشنى يولغا قويىدۇ، ئۆلكە مەركىزىدە بىر مەزگىل تەۋرىنىش بولۇپ كىشىلەر خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلايدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇچاغدا ئۈرۈم-چى شەھرىنىڭ شەھەر ۋالىسى قوشۇمچە ئەدلىيە مۇپەتتىشى ئىدى، ھەربى مەمۇرى ۋالى يۈەن داخۇا ياڭ زېڭشىنغا 5 با-تالىيون خۇيزۇ ئەسكەرنى باشلاپ، ئۇرۇشۋاتقان ئەسكەر-لەرگە ياردەملىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ياڭ زېڭ-شىڭ ئۆلكە مەركىزىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، دەرھال ئۇرۇشقا ئات-لانمايدۇ. پۈتۈن ئۆلكە قالايمىقانچىلىققا چۈكۈپ ھەركۈنى ئاجايىپ-غارايىپ خەۋەرلەر تارقىلىدۇ. قورقۇنۇچلۇق ۋە-قەلەر يۈز بېرىدۇ. مەمۇرى مۇپەتتىش چىن جىتاڭ، ئەدلىيە مۇپەتتىشى دوتۇڭلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ ئۇنىڭ ئۈس-تىگە جەنۇبى شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ خەزىنىلەرگە ئوت قويغانلىق خەۋەرلىرىمۇ ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدۇ. يۈەن داخۇا ھېچنېمىگە قارىماي ئىس-تىپا بېرىپ ئىچكىرىگە كېتىدۇ. قەشقەرنىڭ ۋالىسى يۈەن-خۇڭيۇ شىنجاڭنىڭ دۇدۇلىغىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ، ئەسكەر مۇ-ئاشىدىن 20 مىڭ سەر كۈمۈشنى ئېلىپ ئاقسۇغا يېتىپ كەل-گىچە يولدا ئەسكەر باشلىقى چاچۇنخۇا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈ-لىدۇ، يۈەن داخۇا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپ كېتىدۇ-دە، ئىچكىرىگە تىكىۋېتىدۇ. ئۇ كەتكىچە دۇدۇلىقنى ياڭ زېڭشىنغا تاپشۇرىدۇ. ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 1-يىلى 4-ئايدا رەسمى ئىش باشقۇرۇپ كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالدا



خۇيزۇ قوشۇندىكى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يۆتكەپ كېلىپ، شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تېچلاندۇرۇش كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ چاغدا دۇدۇنىڭ بۇيرىقى جەنۇپتا تۇرپاننىڭ نېرىسىغا غەربتە شىخونىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيتتى. جايلار ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت بولىۋالغاچقا دۇدۇنىڭ ھوقۇقى ئۇلارغا ئىشلىمەيتتى.

## ياڭ زېڭشىنىڭ ھىيلە-مىكىر بىلەن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرى بولسىمۇ، بىراق تىرىتورىيە جەھەتتە غۇلجا، سۈيدۈڭ، قۇرغاس، جىڭدىن ئىبارەت 4 ناھىيە بىلەنلا چەكلىنەتتى. ھەربى ۋە مالىيە جەھەتتە ئاجىز بولغاچقا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىدى، ئىچكى جەھەتتىمۇ پىكىر ئىختىلاپلىرى چىقىپ، سۈركۈلۈشلەر كۆنسېرى كۈچەيدى. مەسىلەن لى چياۋفىڭ (شەنشىلىك) شۇ چاغدا سۈيدۈڭ بازىرىنى ساقلاپ ياتقان جۇيۇيكۈيدىن 200 يۈزمىڭ سەر ئەسكەر مۇئاشى بەر دەپ مەجبۇرلىغاندا، ئۇ غەزىنىگە ئوت قويۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئوق-دورىلار پارتلاپ خېلى ئۇزۇنغىچە پۈتكۈل شەھەرنى زىل-زىلىگە كەلتۈردى. ئاھالىمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى، ھەربى تەييارگەرلىكلەرمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ياڭ زەنشۈي لى چياۋفىڭنى ئىشنى مۇۋاپىق ھەل قىلمىدىڭ، دەپ ئەيىپلىگەندە، ئۇ قايىل بولماي گەپ ياندۇرىدۇ-دە ئىككىسى قاتتىق تىللىشىپتۇ. ياڭ زەنشۈي ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە چارە كۆرمەكچى بولغاندا باشقىلار ئۇنىڭ گۇناسىنى تىلەيدۇ، لى چياۋفىڭ قاتتىق نارازىلىق بىلەن خىزمىتىدىن

ئىستىپا بېرىدۇ. يەنە بىر مىسال، دىڭ باۋشەن ھۆكۈمەت
ئىشلىرىنى بىجىرگەندە يۇرتۋازلىق قىلغاچقا، مۇكاپاتلاش
ۋە جازالاشتا ئادىل بولمايدۇ. ياڭ زەنشۈي ئۇستىدىن
ماتېرىيال توپلاپ كۆپ قېتىم يۇقىرىغا ئەرز قىلىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ياڭ زەنشۈيگە بولغان نارازىلىقىنى
قوزغاپ، قوشۇننى پارچىلىۋېتىشكە ئاز قالىدۇ، بەختكە يا-
رىشا ياڭ زەنشۈي دىڭ باۋشەننىڭ ياش ۋە قاۋۇللىقىنى
نەزەردە تۇتۇپ كەچۈرۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش
ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ئىلىدىكى ۋەزىيەتنى بىراقلا تىنچىتىشقا
كۆزى يەتمەي، تېچلىق تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىككى
تەرەپ مىنگونىڭ 1 - يىلى 5 - ئايدا ۋەكىل ئەۋەتىپ چۆچەك-
تە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىلى تەرەپ خى بولۇڭ، خاۋدا-
خىڭلارنى ۋەكىل قىلدى. سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، ئىككىلا
تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. پىكىرلەردىكى پەرق چوڭ
بولغاچقا سۆھبەت ۋاقىتلىقچە توختاپ قالدى. 9 - ئايدا،
سۆھبەت يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىلى تەرەپ پالاتا
ئەزاسى خەن يۈشۈنى ۋەكىل قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى،
ئۇ كىشى ياڭ زېڭشىن بىلەن يۈزمۇ-يۈز سۆھبەتلەشكەندە،
ياڭ زېڭشىن ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىلى تەرەپ
ئوتتۇرىغا قويغان 11 ماددىلىق شەرتكە كونىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى، بىتىم ھاسىل قىلىندى. ياڭ زېڭشىن ئىلى ئىن-
قىلابىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىنى تېلىگىرامما ئارقىلىق بېيجىڭ-
دىكى مەركىزى ھۆكۈمەتكە ئەنگە ئالدۇرۇپ ئۇلارغا خىز-
مەت بەرمەكچى بولدى. ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربى باشلى-
قى ياڭ زەنشۈينى شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا،



ماليە مىنىستىرى خۇاڭ لىجۇڭنى شىنجاڭ ماليە بولۇمىنىڭ
باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇندىن باشقا خۇ فامىلىلىك (ئىسمى
يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ) بىر ئادەمنى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ
ھاكىملىقىغا، خەنيۈيشۈنى شىپىڭ (ھازىرقى لوپنۇر) ناھى-
يىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، تەن جوگلەننى تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن
گېنىراللىقىغا، جاڭ گوشىڭنى قومۇلنىڭ مۇئاۋىن گېنىراللىقىغا
تەيىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىلى ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھ-
بەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە بولۇڭ-پۇشقاقلىرىغا كېتىپ
قالدى. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشىدا، ئەل-
ۋەتتە شۇم پىلانى بار ئىدى. ئىلى تەرەپتىكى ئەرباپلار
بۇنى مۆلچەرلەپ، تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇلار
ئەندى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ھوشيار تۇردى. شىنجاڭ بىلەن
ئىلى بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق، ئىلىدىكى پىڭ تىپ-
مىن بىلەن لى ياچۈەن ئىككىلەن "ھەرقايسى مىنىستىرلىك
پالاتالارنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىلى شەھرىدە
مەھكىمە بولۇملىرىنى تەسىس قىلىپ ئىش بېجىرىش توغرى-
سىدىكى قارار"نى ئىجرا قىلمىدى. پەقەت ھەرقايسى مىنىس-
تىرلىك پالاتالارنى بولۇم نازارەتكە ئۆزگەرتىپ قويۇپلا
شەھەر دۇتەي مەھكىمىسىدە ئاۋالقىدەكلا ھەربى ئىشلار، خەلق
ئىشلىرى. خارجى، مەسلىھەتچىلەر ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى.
ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، مەركەزگە مەخپى تېلىگىرام
ئەۋەتىپ، مەركەزدىن پىڭ تىپمىن، لى ياچۈەنلەرنى گەنسۇغا
ۋالى قىلىپ يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ-
لارنى ئىلىدىن كەتكۈزىۋەتمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار بۇيرۇققا
ئىتائەت قىلمىدى. ئاندىن ئۇلارنى مەنپەئەت بىلەن ئاز-
دۇرۇش خىيالىغا كەلگەن ياڭ زېڭشىن ئۆلكە مەركىزىگە

كېلىپ ئەمەل تۇتۇشقا دالالەت قىلدى، ئۇلار بۇنىڭغىمۇ قىزىقمىغاشقا ياڭ زېڭشىن تېخىمۇ قايغۇردى. شۇ ۋاقىتلاردا كۇاڭ شى ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ يۈەن داخۇا بىلەن جيۇچۇەنگە كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئاز-پاز ئىختىدارى بولغاچقا پىڭ تيېمىن بىلەن لىياچۇەن ناھايىتى كوپ ئالتۇن بېرىپ ئۇنى ئىلىدا مەسلىھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. كۇاڭ شى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ئىلىغا كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن ئۇنى مەھكىمىگە تەكلىپ قىلىپ، ۋە ئۇنىڭغا پىڭ تيېمىن بىلەن لى ياچۇەن ئوتتۇرىسىغا بولغۇنچىلۇق سېلىشنى مەخپى تاپشۇرۇدۇ. كۇاڭ شى مەنپەئەت ئالدىدا قايمۇقۇپ ماقۇل كىلىدۇ. كۇاڭ شى ئىلىغا بارغاندىن كېيىن خۇيزۇ گېنرال مادىيۈەن (لەقىمى ما دابىزا — ئېگىز بۇرۇن) بىلەن پاتلا دوست بولىۋېلىپ، پىڭ تيېمىن، لى ياچۇەن تەرەپدارلىرىنى قىرقىپ تاشلاشقا كىرىشىدۇ. ئىش پىشقان چاغدا ياڭ زېڭشىنغا مەخپى دوكلات سۇنۇدۇ، ياڭ زېڭشىن مەركەزگە مەخپى ھالدا «پىڭ بىلەن لى ئوز بېشىمچىلىق قىلىپ، قانۇنغا بوي سۇنمايۋاتىدۇ، ئۇلار ئوز ئالدىغا يول، كان، ئورمانلىقلارنى روسىيىگە كورەگە قويۇپ 5 مىليون قەرز ئالغىلىۋاتىدۇ، ئۇلار تەتۈر يول تۇتىۋاتىدۇ جازا بېرىلسە» دىگەن مەزمۇندا تېلگىراممىا يوللايدۇ. يۈەن شىكەي «نەق مەيداندا ئولتۇرۇپ، چېگرىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇڭلار» دىگەن تېلگىراممىا ئىۋەتىدۇ. ياڭ زېڭشىن كۇاڭ شى ئارقىلىق مەخپى تېلگىراممىا بېرىپ، مادىيۈەننى شۇ بۇيىچە ئىش كورۇشكە بۇيرۇيدۇ. مادىيۈەن مىڭگونىڭ 2-يىلى 9-ئاينىڭ (قايسى كۈنى ئىكەنلىكى يادىمدا يوق) بىر ئەتىگەنلىكى ئەسكەر چىقىرىپ، پىڭ بىلەن لىنىڭ



ئۆيىنى قورشاپ ئوققا تۇتۇدۇ، پىڭ بىلەن لى شۇ كۈنىلا ئولتۈرۈلىدۇ، ئىلى شەھەر چېگرا مۇداپىئە مەھكىمىسى شەھەر قوغداش مەھكىمىسىگە ئوزگەرتىلىپ، ئولكە مەركىزىگە قارايدىغان بولىدۇ. ياڭ زەڭشۈي قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ، كەينى-كەينىدىن ئىستىپا بېرىپ بۇ يەردىن ئاجراپ كېتىدۇ.

پىڭ، لى قەتل قىلىنغاندىن كېيىن ما دىيۈەن گېلاۋخۇيچىلار ئىچىدىكى توھپىسى باركىشى بولىۋېلىپ، ھاكاۋۇرلىشىپ، بىر مەزگىل قۇلاق كەستىلىك قىلدى. ئىلىنىڭ جەمىيەت تەرتىۋى قالايمىقانلاشتى. ھەرمىللەت خەلقى پىڭ، لى لارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۇچرىغانلىقىغا چوڭقۇر ئېچىندى.

ياڭ زېڭشىن ئەشۇنداق قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدە ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالىدى. ئۇ، ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ، تۇرلۇك ۋاستىلەرنى قوللۇنۇپ، بۇلۇنۇش ھالىتىنى بىرلىككە كېلىش ھالىتىگە ئوزگەرتىپ، بۇ جەرياندا باش كوتەرگەنلەرنى باستۇرۇپ، غەربى شىمالنىڭ بىر بولىكىنى تېچلاندۇردى. ئۇ، ھوكۇمرانلىق قىلغان 17 يىل ئىچىدە ھاكىمىيەت بېشىغا كىم چىقىشتىن قەتئىي نەزەر مەركەزنى ھىمايە قىلىپ كەلدى. مەركەزمۇ شىنجاڭنى ئۇنداق-مۇنداق دىمىدى. شىنجاڭمۇ مەركەز ئالدىدا بويۇن تولغىمىدى، مەركەزدىكى ۋەزىيەت ھەرقانچە تۇراقسىز بولغان چاغلاردىمۇ، شىنجاڭ تەسىرگە ئۇچرىمىدى، شۇ سەۋەپتىن شىنجاڭ «چېگرىدىكى شاپتۇللۇق باغ» دەپ نام ئالدى. مەملىكەتتە بولۇپ ئوتكەن ئاجايىپ يامان ۋەقەلەر «چېگرىدىكى يىراق-يېقىن» لارنى چېكىپ باققان بولسىمۇ، «تېچ» مەنزىرە بۇزۇلمىدى. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس-دە.

1962-يىل 14 — فېۋرال - ئىلى

# ئالى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن بىر سەھىپە

## گوڭ بېچىڭ

ئادىل ئەھمەت تەرجىمىسى

بۇ 50 نەچچە يىل ئالدىدىكى ئىش بولسىمۇ، مېڭەمدە ھازىرغىچە چوڭقۇر ساقلىنىپ كەلمەكتە. دەۋر ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بالىلىق دەۋرىدىكى ئىشلار يەنىلا كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە.

## 1. ئىنقىلاپنىڭ پارتلىشى

شۋەنتۇڭنىڭ 3 - يىلىدىكى قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى بولۇپ، دادام ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئادەتتىكىدەك مومام ۋە ئانامغا «3 پادىشالىق ھەققىدە قىسسە»نى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. بىز بالىلارمۇ كاڭدا جىم ئولتۇرۇپ تىڭشاۋاتاتتۇق، دادام سۆزلەپ كېيىنكى ئاپقا كەلگەندە، ئادەتتىكىدەك بىر يۇتۇم چاي ئىچىپ دەم ئېلىۋالدى. ئىككىنچى ئابزاسنى سۆزلەشنىڭ ئالدىدا، دادام تۇيۇقسىز مومامغا قاراپ، نەچچە كۈندىن بۇيان ئەھۋال ناھايىتى جىددىيلىشىپ قالدى. ئاڭلىشىمچە لەڭزە (ھەربىلەر) دە ئۆزگىرىش بولغىدەك. جىزرۇي جاڭجۈن ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى



يۇتكەپ كېلىپ كېچىلىك چارلاشقا سالغىدەك. بۈگۈن ئىككى ئابزاسنى سۆزلەپ بولدى قىلاي، بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئالايلى، دېدى.

ئىككىنچى ئابزاسنى ئەمدىلا سۆزلەپ بولۇشىغا تەخمىنەن سائەت 10 لار ئەتراپىدا يىراقتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن قورقۇپ چوڭ ئانامنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ گەپ قىلالماي قالدىم، ئوق ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيدى، مىلتىق ئاۋازىغا ئەگىشىپلا زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، تۇيۇق مىلتىق ئاۋازلىرى ئىچىدە گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى ئۆينىڭ ئەينەك دەرىزىلىرىنى تىترىتىشكە باشلىدى. ئۇدۇلدىكى غەربىي ئۆينىڭ تېمىغا چۈشكەن يورۇقلۇق ئوت ھەممە يەرنى يورۇتۇۋەتتى. ئادەملەرنىڭ ۋاقىراش - جاقىراشلىرى بىلەن مىلتىق ئاۋازلىرى ناھايىتى يېقىنلاشقان ئىدى. ئوچاقتا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت جىم - جىتلىق باسقان قاراڭغۇ ئۆينىڭ تورۇسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. دادام دەرىزە ئالدىغا بېرىپ پەردىنى ئاچتى. ئۇدۇل تامدىكى ئوت يورۇقىغا قاراپ، مىلتىق، زەمبىرەك ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مومام بىلەن ئانامغا ئاستاغىنە، جاڭجۈن يامۇلىنىڭ ئەتراپىدا بولسا كېرەك، دېدى.

دادام كورۇپ باقماقچى بولۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شەرق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئوق ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەيدى. بەزى ئوقلار خۇددى ھويلىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. زەمبىرەكنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. دادام قايتىپ كېلىپ جياڭجۈن يامۇل كۆيۈۋاتقاندەك قىلىدۇ، دېدى. ئالدىنقى ھويلىدا ئۇلتۇرۇشلۇق چېيەن گۇاڭخەنمۇ ئۆيىدە يوق ئىدى، بۇ چاغدا غەربىي ئۆيىنىڭ تېمىدىكى ئوت نۇرى تېخى يوقالمىغان ئىدى، بىراق بايىقىدەك قىپقىزىل بولماستىن، سەل سۇسلاشقان ئىدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئوق ئاۋازىمۇ سۇسلىشىپ ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى ئىچىدە ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار شەرقتىن غەربكە قاراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن مىلتىق ئاۋازلىرى يەنە كۈچۈيۈپ گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. غەربىي تەرەپتە بىر پارچە ئوت ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەرنى قىپ-قىزىل يورۇتىۋەتتى. ئوق ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى. دادام يەنە دەرىزە ئالدىغا بېرىپ، بۇ ئوت دوتۇڭ يامۇلدا كۆيۈۋاتىدۇ، دېدى. گەپ تېخى تۈگىمەيلا، تاشقارقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مىلتىق كۆتەرگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق، ئۇ ئادەم قولاقچىسىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكام ۋاڭ يۈلىنىڭ ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئۇ ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەر بۈگۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جەنۇبىي ئامبارنى ئالغاندىن كېيىن، جاڭجۈن يامۇلنى يەكسان قىلدى. جىرۋى جاڭجۈن قېچىپ كەتتى، ئۇنى ئىزلەۋاتىدۇ. ھازىر دوتۇڭ يامۇل بىلەن لىڭدۈي يامۇلغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئاشخانىغا ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەرگە كېچىلىك تاماق تەييارلاشنى ئۇختۇرۇش قىلدى، تاڭ يورۇغىچە شىمالىي



ئامبارنى چوقۇم ئېلىشىمىز كېرەك، دېدى. دادام ھىم دەپ قويدى، مومام ئەمدىلا گەپ قىلاي دېگىچە ئۇ چىقىپ كەتتى.

مەن ئەمدى بايىقىدەك قورقۇپ كەتمەي، ھويلىغا چىقىپ كۆرۈپ باققىم كەلدى، لېكىن دادامنىڭ ۋاقىرىشىدىن توختاپ قالدىم. مومام مېنى پەردىنى قايرىپ كۆرگىن دېدى، بۇ چاغدا غەربىي-شىمال تەرەپتىن كۆرۈنەۋاتقان ئوت يورۇقى بايىقىدەك چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئوق ئاۋازى ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

## 2. ئىككىنچى كۈندىكى ئەھۋال

قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى ئۇقمايمەن، ئويغانسام تاڭ ئېتىپتۇ، غەربىي-شىمال دوخمۇشتىن تېخىچە شالاڭ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىناتتى، بەزىدە كۈچىيەتتى، دادام ئۆيدە يوق ئىدى، ئانامغا دەپ قويۇپ، تالاغا چىقتىم. شەرقىي چوڭ كوچىدىكى دۇكانلار ۋە ھويلىلار تاقالغان، كوچىدا ئادەم ناھايىتى شالاڭ ئىدى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىكىگە بىر پارچە سامان قەغەز قىستۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرلۇق قۇياشنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىدى، بەزىدە پەقەت ئانچە چوڭ بولمىغان بىر يۇمىلاق چەمبەرنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە تال قىزىل سىزىق سىزىلغان ئىدى. مەن ھويلىغا قايتىپ كىرىپ، شىمالدىكى يان ئىشىكتىن چىقىپ ئاشخانىغا باردىم. شىمالىي كوچىدىمۇ شەرقىي كوچىغا ئوخشاش ھەممە ئائىلىنىڭ دەرۋازىلىرى تاقاقلىق بولۇپ، ئىشىك بېشىغا قىزىل قۇياشنىڭ

سۇرنتى چۈشۈرۈلگەن ئاق قەغەز بايراق سانجىلغان ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي دادام تالادىن چاچلىرى ئۆسكەن ئۇزۇن ساقاللىق ئەسكى جۇۋا كىيگەن بىر ئادەمنى باشلاپ كىردى. سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ ياغاچچى جاڭ سەي ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم، بۇ ئادەم خەق بىلەن سوقۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇدۇلدىكى باۋجياجۇيىنىڭ قاماقخانىسىغا كىرىپ قالغان ئىكەن. دادام ئۇنىڭغا: ئاخماق، باشقىلار ھەممىسى قۇيرۇقنى تىكىۋەتتى، سەن يەنە ئۇ يەردە ياتىۋېرەمسەن! — دېدى. بۇ چاغدا، كوچىدىن تۇيۇقسىز ئات چاپتۇرغان ئاۋاز بىلەن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. دادام مېنى دەرۋازىنى ئېتىپ قويۇشقا بۇيرىدى، بېرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن قاراپ، سىرتتىكىلەرنىڭ، گۇاڭ فۇجاڭجۈن ئاتلىق ئۆتۈپ كەتتى، بەزىلەر كەينىدىن ئۇنىڭغا ئوق ئېتىۋاتىدۇ دېيىشكىنىنى ئاڭلىدىم.

چۈشلۈك تاماقنى ئەمدىلا يەپ بولۇشىمىزغا، ئالدىنقى ھويلىدىكى ساۋاقدىشىم مېنى جاڭجۈن يامۇلىغا بارايلى دەپ چاقىردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە يامۇل كويگەندىن كېيىن خەقلەر كولاپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى تېپىۋاپتۇدەكمىش، بىز بارساق جاڭجۈن يامۇلىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، چوڭ دەرۋازىلارنىڭمۇ قاناتلىرى، چوڭ زالدىن 3-زالغىچە بولغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى كويۇپ تۈگىگەن ئىكەن، كويۇپ بولمىغان ياغاچلاردىن ھېلىغىچە ئىس چىقىپ تۇرۇپتۇ. نەرسە تېرىۋاتقان چوڭلار ۋە بالىلار بەك جىق ئىدى. بەزىلەر كويۇپ كەتكەن كېسەكلەرنى، بەزىلەر بىر بۇرجەكتىكى كويۇپ كەتكەن چامادانلارنى كوتۇرۇۋالغان، بەزەن-



لەر ئۈستەل سائىتى ۋە باشقا ئۆي سايمانلىرىنى ئېلىشقان ئىكەن. يېرىمى كويۇپ كەتكەن ھۆججەت، قەغەز، دېلولار ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئارىلاپ قانغا بويالغان ئۆلۈكلەرمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى، قارىغاندا ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى كىشىلەر ئالماقچان ئېلىپ كەتكەن بولغاچقا، كېيىن كەلگەنلەر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قول ياكى پىچاق بىلەن كولاۋاتاتتى، ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئادەم بەك كوپ ئىدى.

كۈن غەرىپكە قىيسايغاندا، بىز تازا بېرىلىپ كولاۋاتاتتۇق، سىرتتىن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بەزىلىرى ۋاقىراپ سۆزلەپ: جىزرۇي جاڭجۈننى كوڭزى ئىبادەتخانىسىدا موكۇۋالغان يېرىدىن تۇتۇۋاپتۇ، ھازىر راۋاقنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ كاللىسىنى ئالغىدەك، دەپ توۋلىشاتتى. راۋاق بۈگۈن ئادەتتىكىدەك قىزىمىغان ئىدى، دەرۋازا ئەتراپىدا بىرمۇ تەڭزىكەش يوق. ئادەملەر ئۇيەر-بۇيەردە ئىككى ئۈچتىن توپلىشىپ پاراڭلىشاتتى، بەزىلىرى دەرۋازىغا چاپلانغان ئېلانلارنى كورۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شەرقىي چوڭ كوچىدا ئادەم بارغانسېرى كوپىيىشكە باشلىدى، مەن دەرۋازىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئالدى تەرەپتە توپلىشىۋالغان بىر توپ ئادەمنى كوردۇم. بىردىنلا ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى، يەنە بىر توپ ئادەم ئۇ يەرگە قاراپ يۈگۈردى. كىشىلەر توپى ناھايىتى زىچ بولۇپ، مەن چوڭلارنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن قىستاپ ئالدىغا ئوتتۇم. يەردە يۈزى جەنۇپ تەرەپكە قارىغان 50 ياشلار ئەتراپىدىكى پاختىلىق ھاۋارەڭ توۋار چاپان كىيگەن بىر ئادەم ياتاتتى. پۇتىدىكى ئاق لاتا پايپاقنىڭ تاۋىنىغا قار چاپلاش-

قان ئىدى. يۈزىنىڭ ئىككى يېرىگە قىلىچ چېپىلغان ئىكەن. ئۇ ئادەم قىمىر قىلماي ياتاتتى. خەقلەر ئۇنى كۆرسىتىپ: جۇرۇي جياڭجۈن دېگەن شۇ، ئۇنى تۇتىۋالغانلار ئالدىراپ كېتىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىۋاتتى، دېيىشتى. مەن راۋاق دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ دۇتۇڭ يامۇلىغا باردىم. بۇيەرمۇ جاڭجۈن يامۇلىغا ئوخشاشلا كۆيگەن ئىكەن. بەزىلەر ئۇ يەردىمۇ بىر نەرسىلەرنى تېرىۋاتاتتى. مەنمۇ زوڭزۇيۇپ ئولتۇرۇپ، يېرىم سائەتتەك يەر كولىدۇم، بىر چاغدا ئادەملەرنىڭ كوچىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مەنمۇ كوچىغا چىقسام، گەنزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تېرەككە بىر ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. مەن كىشىلەر توپىغا كىرىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ باتالىيون باشلىقى بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بەزىلەر بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن تىللاۋاتاتتى.

مەن تېپىۋالغان ئەسكى كوزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتتىم، ئانام ماڭا، داداڭ سېنى ئەمدى تالاغا چىقمىسۇن دەيدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىدەك دېدى.

## 3. ئىنقىلاۋى ئارمىيە ھۆكۈمىتى

جۇرۇي جياڭجۈننىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى قېچىپ كەتتى، بەزىلىرى يوشۇرۇنىۋالدى، يىغىپ ئېيتقاندا گۇمران بولدى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلمەي قالغان يامۇل



دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان يولۋاس بېشى ماركىلىق ھەربىي كالتەك بىلەن قامچىمۇ يوقالدى. يامۇل ئىچىدىمۇ بويىنىغا تاقاق سېلىنغان ئادەملەر كۆرۈنمەيدىغان بولدى. كوچىغا، قورقۇپ كەتمەسلىك، ھەممە كىشى ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇش، سودىگەرلەر كۈندىكىدەك سودا سېتىق قىلىش، پىتنە-ئىغۋالارنى تىڭشىماسلىق، ئاممىنى قايمۇقتۇرغانلارنى تۇتۇپ جازالاش ھەققىدە ئېلان چىقىرىلدى. ھەركۈنى گۈگۈم چۈشۈشنىڭ ئالدى-كەينىدە ياڭ زەنشۈي ئەينەك دەرىزىلىك پايتونغا ئولتۇرۇپ، ئالدىدا توت نەپەر قىلىچ تۇتقان ئەسكەر، كەينىدە بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەر ماڭغان ھالدا كوچا چارلايتتى. ھەربىي ھۆكۈمەت بىناسى غەربىي چوڭ كوچىدا ئىدى، ئۆتمۈشتە قىزىپ كېتىدىغان شەرقىي چوڭ كوچا، بۇرۇنقىغا قارىغاندا چۆللۈشۈپ قالغان ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا، ئىنقىلاۋى ئارمىيە ھەربىي ھۆكۈمەت تەشكىللەپ ئىلگىركى جياڭجۈن گۇاڭ فۇنى ۋاقىتلىق دۇدۇلۇققا سايلىدى. ياڭ زەنشۈي، خې جىيادۇڭ، پىڭ تىيىمىن، لى فۇخۇاڭ، خې كېچۈەن، خۇاڭ لىجۇڭلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەربىي ئىشلار بىرۇسى، خەلق ئىشلىرى، دىپلوماتىيە، مالىيە، دىۋىزىيە قوماندان قاتارلىق خىزمەتلەرگە تەيىنلەندى. ھەربىي ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى، تەمىنات باشقارمىسى ۋە ھەربىي قورال-ياراقلار ساقلىنىدىغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىسكىلاتلارنى تەرتىپكە سالدى، پۇل ئىدارىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، قىزىل داچەن ۋە ياماق پۇللار ئادەتتىكىدەك ئۆتىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك ياغ تىزا قەغەز پۇل تارقاتماقچى بولدى. ژۇڭ-

تىرە شىركىتى (مويكا)نى ئۆزگەرتتى ۋە روسىيە بىلەن
بولغان ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، رەخت، سۈيىغى، كالدەك
قەن ھەم ئادەتتىكى كوندىلىك لاۋازىمات بويۇملىرى
بۇرۇنقىدەك ئىمپورت قىلىنىپ، جوڭگونىڭ تىرە، يۇڭ، چاي،
ئۈچەي ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىنىشقا
باشلىدى.

ھەربى ھوكۇمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆتمۈشتىكى
ئىلى جياڭجۈن ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى ئىلى دوتەيى،
سۈيدۈڭ بازىرى، قورغاس، ساۋگۇ ۋە چېيڭشۈيخىزى قاتارلىق
يەرلەر شۇنىڭدەك قازاقلار ئولتۇراقلاشقان تېكەس، كوڭگۇس،
مۇڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان بورتالا ۋە چىڭشورلارنىڭ ھەممىسى
ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، ھەربى ھوكۇمەتكە بوي سۇندى،
ھەرقايىسى جايلاردا قاتناش تەدرىجى ئەسلىگە كېلىپ،
كىشىلەرنىڭ كوڭلى جايىغا چۈشتى. ئۇياق - بۇيىقىغا توققۇز
چاقىرىم كېلىدىغان توت بۇرجەك قوتىندەك شەھەردە يەنە
ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

بۇرۇنقى جەنۇپتىن كەلگەن ئارمىيە ئۆزگەرتىپ
قۇرۇلدى. خۇنەن خۇبېيلىكلەر بەزىلىرى گوش دوكىنى
ئاچتى ياكى چوچۇرە، تالقان ساتتى. شىۋە سولۇن باتالى-
يونلىرى (يىڭ) چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ بۇيىرەدە
تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قوشۇنلىرى بولغاچقا، باشلىق (يىڭ
دۇي) لىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمەلى
ھوقوقى قالمىغاچقا ئۆزلىگىدىن تارقىلىپ كەتتى، كوپۈنچە-
سى ئىلى دەرياسى بويىدىكى يېزىلارغا كېتىپ، تېرىقچىلىق
قىلىپ دىخان بولۇپ كەتتى. يېڭى، كونا مانجۇ باتاليونىدا
(يىڭدا) جياڭجۈن دۇتۇڭ ئەمەلدىن قالدى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ-



لا ئالالايدىغان 7 سەر 3 مىسقال كومۇشمۇ يوق بولدى،
بۇلارنىڭ بەزىلىرى سودىگەر بولدى، بەزىلىرى يېزىلارغا
بېرىپ تېرىقچىلىق قىلدى.

ھەربى ھوكۇمەت يېڭى قۇرۇلغاچقا مۇھىم نۇقتىسى
سىياسى، ئىقتىسادى جەھەتكە قاراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا ئۇرۇمچى تەرەپنىڭ بۇلارغا ئاۋاز قوشۇش - قوشماس-
لىغىدىن تېخى خەۋەر يوق ئىدى. شۇڭلاشقا مەدەنى - مائارىپ
ساھەلىرىگە ئۆز ۋاختىدا دىققەت قىلىنمىدى، ئىلىدىكى
ئىپتىدائى مەكتەپ، كۈرەدىكى ئىككى دەرىجىلىك مەكتەپمۇ
ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى. ئەككى دەرىجىلىك مەكتەپنىڭ
جوزا- بەندىڭ جاھازلىرى ۋە كىتاپلىرىنى بىر قىسىم ئوقۇغۇ-
چىلار ۋە ئەتراپتىكى ئاھالىلار ئېلىپ تۈگەتتى، بەزى
سىنىپلارنىڭ ئىشىك - دەرىزىلىرىنى خەقلەر يېرىپ قالاپ
كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ھەربىلەر كىرىپ
ئورۇنلاشتى. ئۆتمۈشتە بىر مەزگىل داۋراڭ سالغان «ئىلى
بەيخۇا گېزىتى»مۇ توختاپ قالدى.

ئىلى ئىنقىلاۋى ھوكۇمىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي،
ئەرلەر چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۇزۇن چاچ قويمايدىغان
ياخشى كەيپىيات ھەممە يەرگە تارقىلىشقا باشلىدى، كوزى
ئېچىلغان ئائىلىلەردە بولسا قىز باللىرىنىڭ پۇتىنى بوغماي-
دىغان بولدى، ئىنقىلاۋى ھوكۇمەت پۇت تاڭماسلىق بىلەن
چاچ چۈشۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغاندىن تاشقىرى، پۇخرا-
لارنىڭ ھوكۇمەت ئورۇنلىرىدىن بىر نەرسىنى تەلەپ
قىلغاندا يۈكۈنۈپ باش قويۇدىغان ئىشنى ئەمەلدىن قال-
دۇردى. ئىنقىلاۋى ھوكۇمەت يەنە خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى
ھاقارەتلەيدىغان نام بىلەن ئاتىماسلىغى توغرىسىدا ئالاھىدە

ئېلان چىقاردى.

## 4 - ئىنقىلاپنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئەھۋال

ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكى ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ كەينى-كەينىدىن ئاۋاز قوشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر شىنجاڭغا ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. كىشىلەر ھەممىسى شىنجاڭدا قوزغىلاڭ بولارمۇ ياكى ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلەمۇ دەپ پەرەز قىلىشاتتى.

دادامنىڭ خېلى بۇرۇن بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلى دېگىنى غۇلجا، سۈيدۈڭ، كۈرە، قورغاس قاتارلىق شەھەرلەر ۋە دەريانىڭ جەنۇبىدىكى شىۋە باتالىيونلىرى بورىتالا، تېكەس، كوڭگۈس، داخېيەنزە ھەم جىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى ئىدى. ئېچكىرىدىكىلەر ئىلى دەرياسى ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئوخشاش دېيىشەتتى. ئىلى جياڭجۈنىگە ئىلى رايونىدىكى دۇتۇڭ مائاۋىن دۇتۇڭ، شىۋە ۋە سولون باتالىيون (يىڭ) لىرىنىڭ باشلىق (لىڭدۈي) لىرى موڭغۇل ۋە قازاقلارنىڭ بەگ، مىڭ بېشى، يۈز بېشىلىرى، مانجۇ، خەنزۇ، پىيادە، ئاتلىق، توپچى باتالىيونلىرى قارايتتى، شۇنىڭدەك چوچەكنىڭ مائاۋىن دۇتۇڭىغا تەۋە بولغان شىۋە، سولون ۋە موڭغۇل، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ھەمدە ئۆلكە ئەمرى، خەلق ئىشلار نازىرى، مۇپەتتىش، دوتەي، رايون، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇپ، شىمال ئىككى يولىدىكى ئۇيغۇر ۋاڭ گۇڭ، بەگلەر ۋە قاراشەھەر، شىخو ھەم ئۈرۈمچى دائىرىسىدىكى تورغۇت، ئۆلۈنت، خوشۇت، چاخار قاتارلىق جايلاردىكى ۋاڭ گۇڭلارمۇ ئۇنىڭ يوتكەش بۇيرۇغىغا بوي سۇناتتى. شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئورۇنلاشقان جاڭجۈننىڭ دەرىجىسى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پىڭ تيەن جياڭجۈن بىلەن خاڭجۇ جاڭجۈنىدىن قېلىشمايتتى. جۇرۇي مەنچىڭ خان جەمەتىدىن بولغاچقا ئۇنىڭ ئورنى خاڭجۇ جياڭجۈندىن يۇقۇرى قىسمەن جەھەتلەردە پىڭ تيەن جياڭجۈن بىلەن تەڭ تۇراتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، جۇرۇي ئىلىغا جاڭجۈنلىقتا تەيىنلىنىپ كەلگەن چاغلار، دەل مەنچىڭ خاندانلىقى، تەختىن چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان شۇەنتۇڭ يىللىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكىسى گۇاڭفۇ بولۇپ، خەقلەر ئۇنى ياخشى ئادەم دېيىشەتتى، جۇرۇينىڭ كۆڭلى قارا بولۇپ، ئۆزىنى قالتىس ھىساپلايتتى. ئۇ ئىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار، ۋاڭ گۇڭ. ۋەزىرلەر ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش تۈپەيلىدىن كۈتۈۋالغان ئىدى.

جۇرۇي ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى يۈرگۈزۈپ، يەرلىككەرگە كەسكىن ۋە جىددىيلىك پەيدا قىلغان ئىدى. تەمىنات باشقارمىسى ۋە ئاشلىق تەمىنات باشقارمىسىدا يۈرگۈزۈلگەن تەدبىرلەردىن ھەر قايسى باتالىيونلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ مائاش، ئاشلىق، تەميناتلىرى يېتىشمەسلىكتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىپ، بازارلاردىكى بۇرۇنقى ئاۋاتلىقلار تۈگەپ، راۋاق ئالدىدا بولىدىغان كەچلىك بازارلارمۇ ناھايىتى بالدۇرلا ئاياقلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. مانجۇلارنىڭ قىياپىتى بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ، پۇخرالار ئۇلاردىن

ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

جىياڭجۈن كۆرە بازىرىدا تۇراتتى. كونا، يېڭى مانجۇ باتالىيونلىرى شەرقى-جەنۇپ ۋە شەرقى شىمالدىكى قورغانلاردا؛ شىۋە، سولۇنلار غەربى-جەنۇپ ۋە غەربى شىمالدىكى قورغانلاردا تۇراتتى. شەرقى جەنۇپ، غەربى شىمالدىكى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان چوڭ كوچىدا دۇكانلار بار ئىدى. غۇلجىغا قاتنايدىغان شەرقى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر سودىگەرلەر ۋە ئاھالىلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان، سۈيدۈڭگە قاتنايدىغان شەرقى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇڭگانلار، خەنزۇلار بىرقەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى، شەھەرنىڭ غەربى جەنۇپ دوخمۇشىدىكى كىچىك مەيداننى بىر قىسىم كازارمىلار ئىگەللىگەن. غەربى-شىمال بۇرجەكتە شىۋە سولۇن باتالىيونلىرى ئورۇنلاشقان ئىدى، شەرقى دەرۋازا سىرتىدىكى چوڭ مەيدانغا بەزى كازارمىلار ئورۇنلاشقان ۋە ئۇلارغا مانجۇ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوشۇپ بېرىلگەن ئىدى. شەرقى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىمۇ بەزى كازارمىلار جايلاشقان ئىدى، شەھەر ئىچىدىكى جىياڭجۈن، دۇتۇڭ يامۇللىرى ۋە باشقا يامۇل ۋە قورغانلارنىڭ دەرۋازىلىرىدا پوس تۇراتتى. شىنجاڭ بويىچە ئورۇمچىدىن باشقا شەھەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئورۇنلىشىشى مۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. مومامنىڭ ئېيتىشىچە، دادام، ئانامالار ئىچكىرىدىن كەلگەن ئىكەن. زوزوڭتاڭ، ليۇجىنتاڭلار غەرپكە يۈرۈش قىلغاندا، خىبېي، خېنەن ۋە شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئەسكەر بولۇپ، بەزىلىرى سودىگەرچىلىك قىلىپ شىنجاڭغا چىققان ئىكەن. شىنجاڭ ئۆلكە



بولغاندىن كېيىن، خۇنەن-خۇبېيلىقلاردىن تەشكىللەنگەن جەنۇپ ئارمىيىسى شىنجاڭغا كەلگەندىن تاشقىرى، بىر قىسىم ئادەملەر چوڭ ئەمەلدارلارغا ئەگىشىپ كەلگەن، شىنجاڭدا جان بېقىش ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ئىكەن. ئىلى ۋە قىزىل بۇت دائىرىسىدىكى شىۋە، سولۇن ۋە مانجۇلار، چيەنلۇڭ ۋە داۋگۇاڭ يىللىرىدا شەرقى شىمال ئۈچ ئۆلكىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىر شىنجاڭنىڭ يەرلىكلىرى بولۇپ قالدى. خەنزۇلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە شىنجاڭدا ئويۋاقلىق يەر-زېمىنلىك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ئۆز ئانا يۇرتىنى ئۇنۇتمىغان ئىدى. ئۆلكە مەركىزىدە ئۇلار قۇرغان سەنشى، خۇنەن، خۇبېي، شەنشى، گەنسۇ ۋە خېبېي، سەندۇڭ، خېنەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ئاشخانىلىرى، يۇرتداشلار جەمئىيىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىچكىرى بىلەن دايىم مۇناسىۋەت باغلاپ تۇراتتى. ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى تەشكىلات ۋە دىنى جەمئىيەتلەرمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا رىۋاج تاپقان ئىدى، ئۇلارنىڭ كەسپى ھەرخىل، يۇرتى باشقا-باشقا بولسىمۇ، بىراق ھېسسى جەھەتتە مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى، بۇخىل ھالەت، بەزىدە مانجۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار مۇشلۇشۇپ قالغاندا گەۋدىلىك ئىپادىلىنەتتى.

شىنجاڭ — چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ھەمكارلىق تەمىنات خاراكتېرىدىكى ئۆلكە ئىدى، رەسمى ئۆلكە بولۇش ئالدىدا ھەربى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە خەلقلەرگە لازىملىق چاي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىدىن كەلتۈرۈلەتتى. ۋۇچاڭ ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى قوزغىلاڭلار مۇۋەپپەق-

قىيىتكە ئۇچرىشىكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئىشلارغا يېتىشەلمەي قالدى. شىنجاڭغا مال توشۇلىدىغان چوڭ-كىچىك يايلاقلار، شەنشى، گەنسۇ چوڭ يولىمۇ ئىنقىلاپ مۇناسىۋىتى بىلەن ئانچە راۋان بولمىدى ياكى پۈتۈنلەي توسۇلۇپ قالدى. شۈەنتۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مائاش بۇرۇنقىدەك تارقىتىلماي ھەم ياردەم قىلىنمايلا قالماستىن، كۈندىلىك ئېھتىياجلىق بۇيۇملارمۇ يېتىشمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ھالدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى.

ئىلىدىكى ئىنقىلاۋى پارتىيەلىكلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قوزغىلاڭلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاشقا كىرىشتى. ئۇلار يۇرتداشلار جەمىيىتى، باڭخۇي دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەرلەرنى قوزغاپ، ئالاقىدار كىشىلەرنى گەپ بىلەن كوندۇرۇپ، ھەربى ئىسكىلاتنى قولغا چۈشۈرۈپ، يېڭى، كونا مانجۇ باتالىيونلىرى ۋە شىۋە سولۇن باتالىيونلىرىدىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ھەرقايسى ئامەللارغا قانداق ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن كۈنى ئۇلار جەنۇبى ئىسكىلاتنى ناھايىتى ئاسانلا ئىشغال قىلدى. بۇيرۇق تارقىتىدىغان بيۇروكرات ئامەللارنى گۇمران قىلىپ، مانجۇ باتالىيونىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىنقىلاۋى ئارمىيە ھۆكۈمىتىنى قۇردى.



## 5. ئىنقىلاۋى ھۆكۈمەتنىڭ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشى

ئىلى ئىنقىلاۋى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ، شىنجاڭنىڭ 4 دىن 3 قىسمى يەنىلا ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇلار خانلىق ھۆكۈمەتكە ساداقەتلىك قىلىپ، ئىلى ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىۋاتاتتى.

ئىلىدىكى ھەربى ۋە خەلقلەر يېڭى يىلنى ناھايىتى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزدى. دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى بىلەن ئالدىرىسا، چارۋىچىلار قىشلاقلىرىنى ئەرتىپكە سېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە كوچىلاردىكى توڭلاپ قالغان قېلىن پاتقاقلار تېخى ئېرىمىگەن ئىدى، توپ-توپ قوراللىق ھەربىلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر، توپچى ئەسكەرلەر ھويلىمىز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار ئۆلكە تەرەپ بىلەن سوقۇش قىلغىلى ماڭغانمىش. ئۇلار سوغۇققا قارىماي لوساۋگۇدىن چىقىپ خەتەرلىك ئەگرى-توقاي تەلكى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ جىڭغا قاراپ ماڭدى. شىنجاڭدىكى قوشۇنلار ئىچىدە، ئىلى قوشۇنلىرى داڭدار خىل قوشۇن ئىدى، جەنۇپ ئارمىيىسىنىڭ قورال-ياراقلىرى مۇكەممەل، موڭغۇل، قازاق ۋە شىۋە، سولۇن قوشۇنلىرى باتۇر، سوقۇشقا ماھىر ئىدى. ئىلى جۇغراپىيىلىك ئورۇنلۇشۇش جەھەتتە ئەپلىكلىكى ۋە باي ئاۋاتلىقى بىلەن ئۈرۈمچىگە قارىغاندا ئۈستۈن تۇراتتى، سوقۇش باشلانغاندىن كېيىن غالىبىيەت خەۋەرلىرى

قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئاز ساندىكى ياردار ئەسكەرلەردىن ھەممە جايغا تارقىلىشقا باشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى جىڭنىڭ غەربىي تەرىپىدە گىرەلىشىپ ئۇرۇشقان خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا يەنە قارشى تەرەپنىڭ جىڭنىڭ شەرقىگە چېكىندۇرۇلگەنلىكى، ئۈرۈمچىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ مۇرەسسە قىلىپ، ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلغانلىق ھەققىدىكى خوش خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى، شەھەرئىچى قىزغىن خۇشاللىق كەيپىياتقا چۆمدى.

كىشىلەرنىڭ بۇ خۇشاللىقى، چىيەن گۇاڭخەنىڭ ئۈرۈمچىگە تەسلىم بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بىلەن ئەندىشىگە ئايلاندى. شۇ سولۇن پىيادە ئەسكەرلىرى، موڭغۇل، قازاق ئاتلىقلىرى، تۇڭگان، خەنزۇ، ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن ئارىلاشما قوشۇن شۇنىڭدەك بىر نەچچە توپچى قىسىملار كەينى - كەينىدىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى.

چىيەن گۇاڭخەنىڭ تەسلىم بولۇشى ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىگە خېلى تەسىر كۆرسەتتى، شۇنىڭدەك ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ يۈرۈش قىلىش پىلانى قوشۇنلارنىڭ ئورۇنلۇشى ۋە ھەربىي تەمىنات ۋەزىپىلىرى ھەممىدە مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ھەممىسى ئاشكارا بولۇپ قالدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، قىش كۈنلىرى ھاۋا تۇتۇق بىر ئەتىگەنلىكتە، ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى مېنىڭ ئۇيقۇمنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوق ئاۋازى، شەھەرنىڭ ھەممىلا يەرلىرىدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى، بەزىدە كوچىدىن چېپىپ ئۆتكەن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.



بۇ خىل ئەھۋال تەخمىنەن 2 - 3 سائەت داۋاملىشىپ، ئاندىن بېسىلدى، مومام ماڭا: يېڭى ئېلىنغان ئەسكەرلەر مەشىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، چۈنكى ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى سوقۇشقاندا قۇربان بولغان، كوماندىر، ئەسكەرلەر ئاز ئەمەس، دېگەندەك قىلدى. لېكىن مەن ئالدىنقى ھويلىدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ، كوچا بەك قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ، مومامنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنىتىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا ئاندىن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالىدىم. كوچىدا كېلىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئاز ئەمەس ئىدى، بەزى يەرلەردە ئادەملەر توپ - توپ بولۇۋېلىپ قوللىرىنى شىلتىشىپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. نۇرغۇن ئادەملەر شەرقىي كوچىدىن شىمالىي كوچىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، بەزىلەر مادابىزا (مادىيۇەن، خۇيزۇ)، پىڭ تىيمىن، لى ياچۇەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېيىشىۋاتاتتى. مەن راۋاق ئالدىدىكى چوڭ كوچا ئاغزىغا كەلگەندە، يولنىڭ شەرقىدىكى سېمىتاناپ تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويۇلغان ئىككى ئادەمنىڭ بېشىنى كۆردۈم، قان ئېقىپ تۇراتتى، بىر توپ ئادەم ئولىشىپ كۆرۈۋاتاتتى، بۇلار پىڭ بىلەن لى لەرنىڭ بېشى بولسا كېرەك، ئۇ ۋاقىتتا بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم ئىدى. كېيىن ئۇقسام ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى مۇرەسسەگە كېلىپ، بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ ھەربىي ھوقۇقنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇش مەسىلىسىدە پىڭ تىيمىن، لى ياچۇەنلەر قاتتىق تالىشىپ، ئىلىغا مەنسۇپ بولىشى كېرەك دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۈرۈمچى تەرەپ بۇنىڭغا قوشۇلماي، قەستلەپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. سىرتتا

ئىغۋا سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ياڭ زەڭشۈي ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلغۇدەك، ياڭ زەڭشۈي جەنۇبى شىنجاڭغا ۋالى بولغىلى بارغىدەك، بېيجىڭدىن يىڭ تېيىمىن، لى ياچۈەنلەرنى يوتكىسە، بارغىلى ئۇنۇماپتىدەك؛ ئۈرۈمچىگە تەسلىم بولغان سالوشەن ئاتلىق قوشۇنى ئۈرۈمچىدە ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، قەشقەر دوتىيى يۈەن خۇڭيۇ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى، يىڭ، لىلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن بولۇپتۇ، بېيجىڭدىن گۇاڭ جياڭجۈنگە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تېلېگرام كەلگەن ئىكەن ۋە باشقىلار.

ئىلى ھەربى كومىتېتىدىكى ياڭ زەڭشۈي قەشقەرگە كەتتى. يىڭ تېيىمىن، لى ياچۈەنلەر ئۆلتۈرۈلدى. خۇاڭ لىجۈڭ يوتكىلىپ، ئۈرۈمچىدە مالىيە سىجاڭى بولدى خې جيادۇڭ ۋە خې كېچۈەنلەر ئەمەلدار بولۇشنى خالىماي ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. باشقىلار: مەسىلەن شۈي سەنتەي، جاڭ گوشىڭ، تەن جۈڭلىنلەر كەتكىنى كېتىپ يوتكەلگىنى يوتكۈلۈپ كېتىپ گۇاڭشى، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدە كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنقىلاۋى ھوكۈمەتمۇ ئۆزلىگىدىن پارچىلىنىپ تۈگەپ كەتتى.

## 6. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىكى پىشقەدەملەر بىلەن كۆرۈشۈش

ئىلى ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل ۋە 30 نەچچە يىلدا مەن بېيجىڭ، نەنجىڭدە خۇاڭ لىجۈڭ لى مىڭياۋ، ياڭ زەڭشۈيلەر بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم بۇ ئىنقىلاۋى



پىشقەدەملەرنىڭ روھى كۆتىرەڭگۈ، تېنى ساغلام، سۆزلىرى ناھايىتى چىچەن بولۇپ، ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئەسلىگەندە، ئۇلار يەڭلىرىنى شىمايلىپ چەكسىز شاتلىقتا چومۇپ، ھەممىسىنىڭ شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ قايتا بىر ئىشلەپ باققىسى كېلەتتى.

ئۇ چاغلاردا خۇاڭ لىجۈڭ بىلەن لى مىڭياۋ شىنجاڭ ۋە شەنشىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى ئىدى، خۇاڭ لىجۈڭنىڭ ئېيتىشىچە، قوزغولاڭ كۆتىرىلگەن ئاخشىمى، ئۇلار بىر ئەپچىل چارە ئارقىلىق ھەربى ئىسكىلات ئاچقۇچىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن جەنۇبى ئامبارنى ئىشغال قىلغان، شۇ ئارقىلىق كازارمىدىكى بۇرادەرلەرنى ناھايىتى تېزلا قۇراللاندۇرۇپ، جاڭجۈن يامۇل ۋە باشقا يامۇللارغا ئۆز ۋاقتىدا ھۇجۇم قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتقان. لى مىڭياۋمۇ شۈكۈنى شەرقى دەرۋازا، جەنۇبى دەرۋازىلارنىڭ سىرتىغا قانداق چىققانلىقى، شۇنىڭدەك شەھەر ئىچىگە كىرىپ قوزغولاڭچى قوشۇنلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتا، شەھەر سىرتىدىن ئۆز ۋاختىدا قايتىپ كىرەلمەي قوزغولاڭغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويغىلى تاس قالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. جاڭجۈن يامۇلغا ھۇجۇم قىلغاندا خېلى ئۇزۇنغىچە دەرۋازىنى ئاچالمىغان، بەزىلەر ئۆلگەن، بەزىلەر يارىدار بولغاندا ئۇ تىت-تىت بولۇپ، بىر تۇڭ كېرسىن ئېلىپ كېلىپ دەرۋازىغا چېچىپ، توپ ئېتىپ دەرۋازىنى كۆيدۈرۈپ ئاچقان، كۆپچۈلۈك بىراقلا چوڭ زالغا (داتاڭغا) بېسىپ كىرگەن، يەنە بىر نەچچە توپ بىلەن 2-ۋە 3-زاللارغىمۇ بېسىپ كىرىپ، يامۇل ئىچىدىكى ئادەملەرنى تىزگىنلىگەن. ئوت قويۇش بىلەن ھۇجۇم قى-

لىشنى بىرلەشتۈرۈپ، جاڭجۇن يامۇلنى ئىشغال قىلغان ۋە
ئۇنى گۇمران قىلغان. دۇتۇڭ يامۇلغا ھۇجۇم قىلغاندىمۇ
يەنىلا ئوت قويۇش بىلەن ھۇجۇم قىلىش چارىسىنى قوللانـ
غان. بىرىنچى كۈنى چۈشتىن تارتىپ، ئىككىنچى كۈنى
چۈشكىچە لى مىڭبياۋ پۈتۈن بىر كۈن بىر يۇتۇم سۇمۇ
ئىچمىگەن.

شىنجاڭدا شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئۇزۇن
ئۆتمەي، تەخمىنەن 1933 - يىلىنىڭ ياز كۈنلىرى بولسا
كېرەك (؟) گەنسۇدىن كەلگەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنى، گۇچۇڭ
دائىرىسىدە خوجانىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىگە
قاراپ يۈرۈش قىلغان چاغدا، ياڭ زەڭشىن ۋۇخەندىن نەنـ
جىڭگە كېلىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى بىرەر خىزـ
مەتكە تەيىنلىشىنى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئابرويى ۋە شىنجاڭ
خەلقىنىڭ ئۇنى ئۇنتۇمىغانلىقىغا تايىنىپ، شىنجاڭنى ئىدارە
قىلىشىنى ئويلىغان. ئۇ گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇـ
نىڭ ساغلام بەستى، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كوزلىرى ۋە
ياڭراق ئاۋازى، ماڭا ئىلىدىكى چاغدا جاسارەت بىلەن
پايتوندا ئولتۇرغان چېغىدىكى ئاشۇنداق سولەتلىك قىياـ
پىتىنى ئەسلەتتى. ئىلى ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە روھىنىڭ ناـ
ھايىتى كوتۇرەڭگۇ، ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭدا ئۇ چاغلاردا قاتناش قولايسىز،
خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشلىرى تەس ئىدى، ھەر قايسى يەرـ
لەرنىڭ قوزغۇلاڭ ۋاقتى ھەر خىل بولۇپ، ئىچكى قىسىمدا
پىكىر بىرلىكى بولماي، غايە ئەمەلگە ئاشمىغان ئىدى. ئەيـ
نى چاغدا بەزىلەر ئىلى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا
قوزغۇلۇشىنى پىلانلىغان، يەنە بەزىلەر ئىلىدا مۇۋەپپەقىيەتكە



ئېرىشسەك ئۈرۈمچى ئۆزلىكىدىن تەسلىم بولىدۇ، دېگەننى تەـ
شەببۇس قىلغان ئىدى. لېكىن ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك
بولماسلىقىنى كىم بىلسۇن؟! ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ ۋاقتىنى بىز
ئالدىغا سۈردۇق، چۈنكى بىرسى ھەربىي تەلىم - تەربىيە
مەكتىۋىدە سىرنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، ۋاقتىنى ئالدىغا
سۈرۈشكە توغرا كەلدى. چيەن گۇاڭخەن، سالۇشەنلەر ئۈرۈمـ
چى تەرەپكە تەسلىم بولۇپ كېتىپ، ئىنقىلاۋى كۈچلەر ناھايىتى
زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ئۇ ۋاقىتتا ماليىدە قىيىنـ
چىلىق بولۇپ، ئالدىنقى سەپتىن كېلىۋاتقان ئۇرۇش خەۋەرـ
لىرىمۇ ياخشى بولمىدى، كىشىلەر تېچلىقنى خالاپ ئۈرۈمـ
چى بىلەن سۈلھى قىلغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى
ئوڭشىۋېلىپ، ئاندىن تۇتۇش قىلىشنى ئويلايتتى، بۇ چاغدا
قەشقەردىكى بيەن يۇڭفۇ، ۋې دېشىلەر قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ
دوتەي يۇەن خۇڭيۇ بىلەن ئەسكەر باشلىقى تاڭ دىيەن
چىنلارنى ئولتۇردى؛ ئاقسۇدا تاڭ يۇتىڭ، گاۋشاۋ قاتارلىقلار
قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ، دوتەي چىڭ جىڭيۇەن بىلەن ئامبال
ۋاڭ نەيفالارنى ئولتۇردى؛ كۇچاردىكى تەن چاڭگۇ، جىڭ
گۇەنخۇالار قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ ھاكىم ماۋ يىڭۋېينى ئولتۇرـ
دى؛ قاراشەھەردىكى ۋۇ خۇەينىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا
ليەن فۇچۇەن، خې جىڭيۇەنلەر ۋالى جاڭ شيەننى ئولـ
تۇردى؛ بارىكولدىكى خۇدىڭ كى، ۋاڭ جەنيۇەنلەر
ئامبال يې شىڭفۇنى ئولتۇردى؛ ھەتتا يېرى كەڭ، ئادىمى
شالاڭ چارقىلىقتىمۇ ئامبال خۇيىڭخۇا ئولتۇرۇلدى. پەقەت
مۇشۇ بىر قانچە جايلاردىلا قوزغىلاڭ كوتۇرۇلۇپ قالماسـ
تىن، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا يۈز بەردى دېيىشكە بولىدۇ.
مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە پىڭ تىيمىن، لى ياچۇەنلەرنىڭ

سۇلھىسى ۋاختىدىكى ھەربى، مەمۇرى ھوقۇقىنى قولغا كەل-
تۈرۈش تۈغرىسىدىكى تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرالمىدۇق، خۇاڭ
لىجۇڭ ئۇرۇمچىگە بېرىپ مالىيە سىجاڭى بولدى، خې
جىيادۇڭ، خې كېچۈەنلەر يۇرتىغا قايتىپ كەتتى، بۇ چاغ-
دا مەنمۇ كېلىشىم مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ئوخشايدۇ، چوڭ
ئىش ئەمەلگە ئاشتى دەپ ئويلاپ جەنۇبى شىنجاڭغا دەشۇدۇق
تەسەللى ئىبىتقىلى كەتتىم. ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا،
سالوشىن قوشۇنى ئۇرۇمچىدە قايتا قوزغولاڭ كو-
تەرگەن بولسا، ياڭ زېڭشىن ئۇرۇمچىدە خاتىرجەم بولالمايت-
تى. ئەگەر كوپچۇلۇك ئويدانراق كۈچ چىقارغان بولساق،
كىم بىلىدۇ، بۇ كېيىنكى كىشىنىڭ ئوقىدا ئولەتتىكىن؟ ياڭ
زېڭشىن، جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قوز-
غولاڭچىلاردىن خاتىرجەم بولالماي، جۇمھۇرىيەت "جاكالى-
نىشىنىڭ ئالدىدىكى ئىشلاردەك» يۇمشاق چارە قوللانماي،
"جۇمھۇرىيەت جاكالانغاندىن كېيىن قوزغولاڭ كوتەرگەنلەرنى
باندىتلار" دەپ گېلاۋخۇينى باندىت دەپ قارىلاپ ھەممە-
سىنى جايلىۋەتتى. پۇتۇن شىنجاڭدىكى داغدۇغۇلۇق قوزغو-
لاڭ مۇشۇنداق بىر نەتىجە بىلەن ئاياقلاشتى! ئىسىت! ئىلى
ھەقىقەتەنمۇ ياخشى جاي! شىنجاڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى جاي!

مەن كېيىنچە نەنجىڭدە خۇاڭ لىجوڭ ۋە لى مىڭياۋ-
لار بىلەن قايتا ئۇچرۇشۇپ قالدىم. بۇ چاغدا ئۇلار 60
ياشتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا شىنجاڭنى
ئۇنۇتماي، ئىلىنى، ئىنقىلاۋى ھوكۇمەتنى، ئىلى قوزغولىڭى
ۋاقتىدا ئىنقىلاپ ئۇچۇن قۇربان بولغان بۇرادەرلەرنى
ئەسلىدى.

1963-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۇنى يېزىلدى.



# ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن گېلاۋخۇيغا بىر نەزەر

جاۋ روڭجياڭ

ئادىل ئەھمەت تەرجىمىسى

شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي ناھايىتى ئۇزۇن تەرەققىيات
تارىخىغا ئىگە. بىراق نىيزائىلار تۇپەيلىدىن، باشتىن-ئاخىر
مەخپى ھەركەت ئېلىپ بارغاچقا، تەشكىلاتنىڭ رىۋاجلىنىشى
ئاستا بولدى. مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە گېلاۋخۇينى رى-
ۋاجلاندۇرۇش چەكلىنەتتى، بىراق كوپ سانلىق خەنزۇلار
شەخسى مەنپەئەت ئۇچۇن قاتنىشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇر-
تىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولۇپ يۇرگەن ئەسكەرلەر ۋە قول
ھۇنەرۋەنلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ تەشكىلاتقا كىرگەنلەر
ناھايىتى كوپ بولسىمۇ، يەنىلا خەنزۇلارنى ئاساس قىلاتتى.
گېلاۋخۇي ۋىجدانلىق بولۇشنى، ئوز ئارا ھەمكارلىق-
نى تەكىتلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەشكىلاتتىكى ئادەملەر-
نى ئوز ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇراتتى. تەشكىلى شەكلى
ئىنتايىن مەخپى بولۇپ، تەشكىلات ئەزالىرى ئوز ئارا
كورۇشكەندە مەلۇم كورۇشۇش قائىدىسى بولاتتى، ئۇلار
مەخپى سوز ئىشلىتىپ، خەنزۇچىدىكى ھەربىر تاۋۇشنىڭ
ئالدىغا مەنىسىز قوشۇمچە ئاھاڭدىن بىرنى قوشاتتى، گېلاۋ-
خۇي ئەزاسى بولمىغانلار بۇنى چۇشۇنەلمەيتتى. ئادەتتە

شىنجاڭدىكى تەشكىلاتلارمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەشكىلات-
لارغا ئوخشاش بولۇپ، بۇلاردىمۇ تاغ خوجىسىنىڭ ئاستىدا
لۇڭتۇ، پىتاڭ، شىياڭتاڭ، لى تاڭ، دۇتاڭلار بولاتتى. ئىلى-
دىكى تاغ خوجىسى شۇي سەنتەي بولۇپ، تۇڭگان مادىيۈەن
بىلەن خەنزۇ جاڭ شىخۇلار جىڭ ۋە مائاۋىن لۇڭتۇ (باش-
لىق-ئەژدەرھا بېشى مەنىسىدا) ئىدى.

مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە، باتاليونلاردىكى تۆۋەن
دەرىجىلىك ئوپىتسىرلەر ۋە ئەسكەرلەرلا گېلاۋخۇيغا قاتنى-
شاتتى. كېيىنچە ئوسۇش، يوتكىلىش تۇپەيلىدىن، بەزى
يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپىتسىرلارمۇ گېلاۋخۇينىڭ ئەزالىرىغا
ئايلاندى. شۇڭلاشقا يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا باش-
قۇرۇش ئاجىزلىشىپ، ھەربىي تۈزۈمنىڭ بوشاڭلىقىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىپ، توپلىشىپ قىمار ئوينايدىغان ئىشلار ئەدەپ
كەتتى. 1911-يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەر، با-
زارلىرىدا تەشكىلات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيىتى باشلاندى،
ئۇلار تەشكىلات ئورۇنلىرى قۇرۇپ، ئالاقە پونكىتلىرىنى
تەسىس قىلدى.

شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي دەسلەپتە زوزۇڭتاڭغا ئەگە-
شىپ شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى خۇنەنلىكلەر
ئىدى. ياڭ زەنشۇي ئېلىپ كەلگەن جەنۇب ئارمىيىسى
ئىچىدىمۇ گېلاۋخۇي ئەزالىرى بار ئىدى، بۇلار خۇبېيدىكى
چاغدىلا تۇڭمىڭخۇي بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەن ئىدى. ياڭ
زەنشۇي ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى گېلاۋخۇي
باشلىقلىرى بيەن يۇفۇ، ۋېي دىڭشىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى.
گېلاۋخۇينىڭ ھەر قايسى جايدىكى ئەزالىرى چىڭ سۇلالى-
سى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى



قوللاندى، لېكىن ھەر مىللەت ئاممىسىغا قىلچىلىكمۇ چېقىلمى-
غاچقا، جايلاردىكى خەلقلەرگە ياخشى تەسىر بەرگەن ئىدى.

ياڭ زەنشۇي، پىڭ تېيىمىن قاتارلىقلار گېلاۋخۇيغا
نىسبەتەن ئىنتىپاقلىشىش فاڭجېنىنى قوللاندى.[1] شۇنىڭدەك
ئۇلار ھەرقايسى مىللەتنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرى بىلەن
ئىمكان قەدەر ئىنتىپاقلىشىپ، مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ھېسداش-
لىق بىلدۈردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسى-
تى، مانجۇلارنىڭ ئورۇن ئەۋزەللىكى ۋاڭ گۇڭ ئاق سۆ-
ڭەك دىنىي يۇقىرى قاتلاملارنىڭ چىشىغا تېگەتتى، شۇڭلاشقا
ياڭ-زەنشۇينىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ
بېرىشنى قوللايدىغان گېلاۋخۇي تەشكىلاتى شىنجاڭدا رىۋاج-
لىنىش جەريانىدا دىنىي كۈچلەرنىڭ ۋە مىللىي نىزا ئالار-
نىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىدى. ئىلى، قەشقەرلەردە گېلاۋ-
خۇي تەشكىلى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، شۇنىڭدەك
ئۇلار مۇھىت شارائىتقا ناھايىتى تېز ماسلىشىپ، مىللىي ۋە
دىنىي چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئەجنەبىلەرگىمۇ، زۇ-
لۇمغا قارشى تۇرۇپ، ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش شو-
ئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۇڭگان، ئۇيغۇر مىللەتلىرىدىكى
ئاكتىپلارنى ئۆزلىرىگە قوبۇل قىلدى، ھەتتا باشلىق قىلدى.
تۇڭگان مادىيۈەن بۇنىڭغا بىر مىسال بولالايدۇ. چاڭ
گېڭنىڭ مەپكۇرىسى بىرقەدەر ئىلغار ئىدى، ئۇ ئىلى جاڭ-
جۈنى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە،[1] ئاساسىي كۈچنى يېڭى ئار-
مىيە قۇرۇشقا قارىتىپ، ئىدىيىۋى چەكلىمىلەرنى بوشاتقاچقا
ئىنقىلاۋى پارتىيىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىش
شارائىتى بارلىققا كەلدى. پىڭ تېيىمىن باشقۇرغان «بەي-
خۇا گېزىتى» دارىتىملاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق

ھەر قايسى مىللەتلەرگە مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى
مىللەتكە قارىمايدۇ، خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەرمۇ ئوخ-
شاشلا چىڭ خاندانلىقى ھوكۇمىتىنىڭ ئېزىش دۇيشاكى ئې-
كەنلىگىنى كورسۇتۇپ، ھەر قايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئىنقىلاپىنى قوللىشىغا رىغبەتلەندۇردى، شۇنىڭدەك ۋە تەن-
پەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلدى، نەتىجىدە ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر ھەممە ۋاڭ گۇڭ ئاق سوڭەكلەرمۇ ئىنقىلاپقا
ھېسداشلىق قىلدى. چاڭ گېن يېڭى ئارمىيىدىكى بەزى
ئىلغار ئىدىيەلىك ئوپىتسېرلارنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويدى.
مەسىلەن، ياڭ زەنشۈينى ھەربى قوماندانلىقتا، خۇاڭ لى-
جۇڭنى ھەربى قورال-ياراق باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا،
باشقىلارنىمۇ بىۋاستە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلارغا
قويۇپ، گېلاۋخۇينىڭ رىۋاجلىنىشىغا نىسبەتەن قەستەن بىل-
مەس بولىۋالدى. ياڭ زەنشۈي 1909-يىلى ئاشكارا نۇتۇق
سوزلەپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، چىڭ
خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئەجنەبىلەرنى يوقۇتۇشنى
دەۋەت قىلدى. بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى،
شۇنىڭدەك زىيالى خەن يۇشۇ (تۇڭگان) نىڭ ياپونغا قار-
شى تەشۋىقاتنى بانا قىلىپ تۇرۇپ، ئىنقىلاۋى ئىدىيىنى
تەشۋىق قىلىشقا تۇرتكە بولدى.

چاڭ گېننىڭ مەنسۇۋى ئوسۇپ شەنشى، گەنسۇنىڭ
زۇڭدۇسى بولغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن دۇتۇڭ گۇاڭفۇ ئىلى
جاڭجۇنلىقىغا ئوستى. ساۋاتسىز گۇاڭفۇنىڭ مۇقىم سىياسى
كوز قارىشى يوق ئىدى، ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنى قىلچىلىكمۇ
چۇشەنمەيتتى. ئىنقىلاۋى پارتىيىلىكلەرنىڭ ئىلىدىكى ھەركەتلى-
رىنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالاتتى.



ئۇنىڭدىن پىڭ تيېمىن بىلەن لى ياچۇەنلەر يەنە
روسىيىلىك تۇڭگان يۇسىڭچۇن بىلەن ئىتتىپاقلاشتى، يۇسىڭ-
چۇن تېگى گەنسۇلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بەييەن-
خۇ باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، نەتى-
جىدە دولەت چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئىدى. ئۇلار
شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە، كېيىنىش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى
يەرلىك خەلقلەردىن باشقىچە ئىدى. يۇسىڭچۇن ئۇ چاغ-
دا چاررۇسىيەنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ شاڭ-
يوسى ئىدى. پىڭ تيېمىن ئارقىلىق چاررۇسىيە بىلەن ئا-
لاقە باغلايتتى. ياپونىيە بىلەن رۇسىيە قارمۇ-قارشى بو-
لۇپ قالغاچقا، چاررۇسىيە ئىنقىلاۋى پارتىيىنى قوللاپ،
داۋشىڭ بانكىسى ئارقىلىق قەرز پۇل بېرىپ، گېلاۋخۇينى
سېتىۋېلىشنىڭ مەبلىغى قىلدى.

1911-يىلى گۇاڭفۇ خاڭجۇغا جاڭجۇن بولۇپ يوتكەلدى.
ھەربى دىۋان مىرزىسى جىرۇي ئىلى جاڭجۇنى بولدى،
ئۇ خانىش جىڭ جىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، چەتكە قېقىلىپ ئىلىغا
كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇزىنى قابىلىيەتلىك دەپ ھېساپلاپ،
باشقىلارغا رەھىمسىز، تۇۋەنگە نىسبەتەن بەكمۇ شەپقەتسىز
بولغاچقا، خان ئوردىسىدا ئىناۋىتى يوق، يەرلىك ئەمەلدار-
لار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشالمىغان ئىدى. ساۋاتسىز سابىق جاڭ-
جۇن گۇاڭفۇنى تېخىمۇ كوزگە ئىلمايتتى. ئۇ ۋەزىپىگە چىقىپلا،
يېڭى ئارمىيىنى قىسقارتىپ، جەنۇپ ئارمىيىسىنى، تارقىتىپ،
خۇبېيغا قايتۇرىۋېتىشكە بۇيرۇق چۇشەردى، لېكىن ئايلىق پۇل،
يول خىراجىتى بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئارمىيىدىكى-
لەرنىڭ كوپ ساندىكىلىرى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.
ئىلى شىنخەي قوزغىلىڭىدا گېلاۋخۇي ئىنقىلاۋى پار-

تىنىگە ھەمكارلىشىپ، كۆچ چىقاردى، ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە يىغىن ئېچىپ، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلدى، كونا زىددىيەتلەر ھەل بولدى، ئىنقىلاۋى پارتىيەلىكلەر ئەمەلدار بولدى، كونا ئەمەلدارلار يەڭگۈشلۈنۈپ، گېلاۋخۇينىڭ بىر قىسىم باشلىقلىرىمۇ ۋاقىتىنچە ئەمەلدار بولدى.

ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىدا، ئۈرۈمچىدىكى خۇنەنلىك ليۇشيەنجۇن ئۈرۈمچىدىكى گېلاۋخۇينىڭ باشلىقى ۋاڭ شاۋسەن بىلەن بىرلىشىپ قوزغۇلاڭ كوتەرگەندە يۈەن داخۇا تەرىپىدىن باستۇرۇلغان ئىدى. بۇمۇ گېلاۋخۇينىڭ ھۆكۈمەتكە قارىتا ناھايىتى زور ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىغا ئەگىشىپلا، قەشقەردىكى گېلاۋخۇي باشلىقلىرى بيەن يۇفۇ، ۋي دىشېڭلەر ئۈرۈمچىگە شىنجاڭنىڭ ئەمىرى بولۇشقا بارماقچى بولغان قەشقەر دوتىيى يۈەن خۇڭيۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى، بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن يۈەن داخۇا ئالدىراپ-تېنەپ ئىچكىرىگە كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ دۇدۇسى بولۇپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى.

1912-يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا يېزىسىدا چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ بوزەك قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارشى كۆرەش يۈز بەردى، گېلاۋخۇي ئەزالىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى قورشىۋېلىپ، 20 نەچچە رۇسىيە مۇھاجىرىنى ئۆلتۈردى، رۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ قەشقەرگە قوراللىق تەھدىت سالدى، قەشقەر دائىرىلىرى ئەلنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، بىرلۈي ئەسكەر كۆپەيتتى، بىراق ئەكسى-



يەتچى ھۆكۈمەت چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىگە تەسلىم بولۇپ، پۇل تۆلەش شەرتىنى قوبۇل قىلدى.

گېلاۋخۇي چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ياڭ زېڭشىننىڭ سۈيىئىستىمال قىلىشتەك ھىلە-نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ، گېلاۋخۇي ئەزاسى مادېيۈەننىڭ قولى بىلەن ئىنقىلاۋى پارتىيىدىكى پىڭ تېيمىن بىلەن لى ياچۈەننى ئۆلتۈرىۋەتتى.

ياڭ زېڭشىن گېلاۋخۇيغا چىش-تىرنىقىچە ئۆچ ئىدى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، تۇڭ مىڭسايىنىڭ تۇڭگان قوشۇنى ئارقىلىق، گېلاۋخۇينى باستۇرۇپ، بىر نەچچە يىلغا قالمايلا گېلاۋخۇينى پاك-پاكىزە تازىلىۋەتتى.

# كۇرە شەھىرىنىڭ تارىخى

ئادىل ئەھمەت تەرجىمىسى

(1944 — 1884)

## 1. كونا كۇرە شەھىرىنىڭ يوقۇلۇشى ۋە يېڭى شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى

كونا كۇرە ئورنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدا بولۇپ، جەنۇپتىن شىمالغا ئىككى كىلومېتىر، شەرقتىن غەرپكە تەخمىنەن بىر يېرىم كىلومېتىر كېلەتتى.

شيەنفېڭنىڭ 11- يىلى (1862- يىلى) مەملىكەت بويىچە ئومۇمى يۈزلۈك قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ خاندانلىغىنىڭ ئۆز مەيلىچە تالاڭ-تاراج قىلىشى ئارقىسىدا، گەنسۇدىكى تۇڭگانلار بەي يەن-خۇنىڭ رەھبەرلىگى ئاستىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغولاڭ كوتەردى. بىراق كۈچ ئېلىشالماي ئىلىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ھەمدە شۇ يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، مانجۇلارغا قارشى تۇردى. بىر يىل شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، كونا شەھەر (كونا كورە شەھىرى — تەرج)نى ئىشغال قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي تار-مار بولدى. جياڭجۈن مىنشۇي (كونا كۇرەدە تۇرۇشلۇق ئەمەلدار) پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئوق-دورا ئامبىرد-



ىدا ئوزىنى ئولتۇرۇۋالدى. شەھەر ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلار كويۇپ تۈگىدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كونا شەھەر گۇمران بولدى.

ئۇزۇن ئوتمەي ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشى پارتلىدى. چاررۇسىيە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ھەر ئىككى تەرەپكە قورال سېتىپ، كوپ پايدا ئالدى. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن، تۇڭجىرنىڭ 10- يىلى (1872- يىل)، چاررۇسىيە، مۇھاجىرلىرىنى قوغداش نامى بىلەن، بىر پولك ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئىلىنى بېسىۋالدى. شۇ ۋاقىتتا، مەنچىڭ ھوكۇمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەيپىڭ تيەنگوغا تاقابىل تۇرۇۋاتقاچقا ئىلىنىڭ قولىدىن كېتىپ قېلىشى، ئىككى مىللەتنىڭ ئۇرۇشى، شۇنىڭدەك چاررۇسىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى سۈرۈشتە قىلىشقا مادارى يوق ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 7- يىلى (1882- يىل) 9- ئايغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى ئىلىنى ئوتكۇزۇۋېلىشقا جيەن شۈننى ئەۋەتتى. چىگرا مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تىلگىراما ئارقىلىق شى لۇن بىلەن ليۇ جىڭتاڭغا تاپشۇردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى زىڭ جىزى، روسىيە بىلەن جوڭگو-روسىيە چىگرا شەرتنامىسى ئىمزالىغاندىن كېيىن، روسىيە قوشۇنلىرى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندە ئاندىن جىن شۈن ئىلىغا كىردى. ئاساسى ھەربى كۈچ بىلەن جىن شۈن سۈيدۇڭ شەھرىگە ئورۇنلاشتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى، ئىلى رايونىنى كونترول قىلىش، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئات بېقىش ۋە مانجۇلارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، 1884- يىلى جياڭ-

جۇن جىن شۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېڭىدىن بىر قور-
غان ياساشنى ۋە 9 شەھەر (سۈيدۇڭ، تالچى-
غۇلجا، كۈرە ۋە كونا كۈرە ... قاتارلىقلار) نىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاق سۆڭەكلىرى ئۈچ چوقۇر
(ئىسمىلىرى ئېنىق ئەمەس) قەۋرىلىرىنىڭ سىرتىدا (سۈيدۈڭ-
نىڭ شەرقى - جەنۇبى، ئىلى - ئۈرۈمچى تاش يولىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى جايدا) يېڭى كۈرە شەھىرى قۇرۇشنى بەلگۈلەپ، شۇ
يىلى ئىككىنچى ئايدا ئىش باشلىدى. 3 يىلدىن كېيىن
(1884 — 1887) شەھەرنىڭ 4 دەرۋازىسى قەد كۆتەرگەن
چاغدا، جىن شۇن قوشۇنلىرىدا "ھەربى ئۆزگىرىش" يۈز
بەردى. سەۋەبى: ① مائاشنى تۆلەشتە ھەددىدىن ئېشىپ
كەتكەن. ② ئەسكەرلەرنىڭ كۆپۈنچىسى خۇنەنلىك، شۇنىڭدەك
دائىم پايتەختتە تۇرۇپ كەلگەن مانجۇ قوشۇنلىرى. چەت-
نىڭ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي، ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىشنى تە-
لەپ قىلغاندا، تەلىۋى رەت قىلىنغانلىقتىن بولدى. نەتى-
جىدە "يۈز ئۆرگەن" 2 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئىچكىرىگە
كېتىمىز دەپ قېچىپ، جىڭغا بارغاندا، ھەممىسى قىرىپ
تاشلاندى. دېمەك ھەربى ئۆزگۆرۈش ۋە جىن شۇننىڭ بېي-
جىڭگە يۆتكىلىپ كېتىشى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشى توختاپ قال-
دى. جىن شۇن كەتكەندىن كېيىن گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق شى-
لۇن جياڭجۇن ئۇنىڭ خىزمىتىنى بىر يىلدەك بېجىرىپ تۇر-
غاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى سەي ×× (ئىسمى ئېنىق
ئەمەس) نى رەسمى جياڭجۇن تەيىنلەپ ئەۋەتتى. (سەينىڭ
خوتۇنى سىبشى تەيخۇنىڭ بېقىۋالغان قىزى ئىدى) سەي
20 مىڭدەك ئەسكەرنى باشلاپ ئىلىغا كېلىپ، يەنىلا سۈي-



دۈڭگە ئورۇنلاشتى. بىر يىلدىن كېيىن، "پۇل ئاپىتى" گە
ئۇچرىغانلىقتىن زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى
ئەينى ۋاقىتتا ئاساسلىق پۇل ھىساپلىنىدىغان داچەن پۇل
يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سەي باش-
قا جايدىن كۆمۈشكە داچەن پۇل تېگىشىپ كەلمەكچى بو-
لىدۇ. بۇ ئىشنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھايانكەش سودىگەر-
لەر بىلىپ، كۆپلەپ داچەن پۇل ئەكەلگەنلىكتىن، پۇل قىم-
مىتى چۈشۈپ كېتىدۇ. سەي بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىنىڭ تىل - ھاقارىتىگە چىدىماي، ئەپ-
يۇن يەپ ئۆلىۋالىدۇ. گۇاڭ شۈينىڭ 14 - يىلى (1889 -
يىل) مەنچىڭ ئوردىسى ئەسلىدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋە-
زىر فۇ × نى ئىلى جياڭجۇنلىقىغا تەيىنلىدى. فۇ كەلگەن-
دىن كېيىن، كۈرەنىڭ ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنى داۋاملاشتۇر-
دى. گۇاڭشۈينىڭ 19 - يىلى (1894 - يىل) غا كەلگەندە
پۈتۈن قۇرۇلۇش پۈتتى. كېيىن مىڭگونىڭ 9 - يىلى ھازىرقى
تۆەنبۇ شىپاڭنى ياسالدى.

كۈرە شەھىرى — 10 يىل ياسالغان (1884 — 1894)
بۇ قورغاننىڭ تۆت تەرىپىدە 4 كازارما بولۇپ، ئەسكەرلەر
تۇراتتى. شەھەر ئىچىدىكى 4 چوڭ كوچا، 4 دەرۋازىغا تۇ-
تىشاتتى، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ناغرا راۋىقى بار ئىدى،
كەلگەن مانجۇ سودىگەرلەر ئۈچۈن ياسالغان 40 ئېغىزلىق
ئۆي بار سارايدىن باشقا يەنە جاڭجۈن، دوتۇڭ قاتارلىق 72
چوڭ - كىچىك يامۇل ۋە ئوق - دورا، ئاشلىق، تەمىنات
ساقلىنىدىغان ئىككى چوڭ ھۆكۈمەت ئامبىرى قاتارلىق
قۇرۇلۇشلار بار ئىدى.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ھوكۇمرانلارنىڭ كۇرەدىكى قىسقىچە تارىخى

(1) چىڭ خاندانلىغىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورگىنى (72 يامۇل) ۋەكىلى — جياڭجۇننىڭ ۋەزىپىلىرى:

جياڭجۇن مەھكىمىسى تيانشاننىڭ شىمالى يولىدىكى بارلىق ھەربى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان باش ئورگان ئىدى. دوتۇڭ يامۇل پۇتۇن رايوننىڭ ھەربى قوشۇنلىرىنى، شىۋە، سولۇن، ئولۇت، چاخار قاتارلىق 4 چوڭ يامۇل ئارقىلىق ئايرىم ھالدا ھەر مىللەت خەلقى، شۇنىڭدەك كونا مانجۇ باتاليوننىڭ بېقىنىدىكى ئىككى شىلىڭ يامۇلىنى، يېڭى مانجۇ باتاليوننىڭ بېقىنىدىكى ئىككى شىلىڭ يامۇلىنى باشقۇراتتى. كونا مانجۇر باتاليوننىڭ شىلىڭ يامۇللىرى 8، مۇداپىئە يامۇلى 6، ئاتلىق قوشۇن يامۇلى 8، ئاشلىق نازارىتىنىڭ يامۇلى 4، شۇنىڭدەك 5 چوڭ باشقارما (خەنزۇ، مانجۇ ئىشلىرى باشقارمىسى، ھەربى دىۋان باشقارمىسى، مەتبە باشقارمىسى، ئاشلىق، مۇئاش باشقارمىسى، ئات - ئۇلاق باشقارمىسى) ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ يامۇللىرى بولۇپ جەمى 72 يامۇل بار ئىدى.

گۇاڭشۇينىڭ 23 - يىلى (1898 - يىل) جياڭجۇن فۇنى يۆتكەپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چاڭ گىن (مانجۇ ئىلگىرى ھەربى دىۋان بېگى بولغان) نى جياڭجۇن تەيىنلەپ ئىۋەتتى. گېڭزى يىلى (1900 - يىل) ئىچكىرىدىكى يى خېتۇەننىڭ تەسىرى ئاستىدا بۇ يەردىمۇ يى خېتۇەن ھەركىتى قوزغالدى. بۇ ھەركەتنى چاڭگىن باستۇرۇپ تاشلىدى. شۇ يىلى چار-



روسىيە يەنە مۇھاجىرلىرىنى قوغداش نامى ئاستىدا سەنداۋ-خېزىغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ كۆرەنى بېسىۋالماقچى بولدى. شۇ ۋاقىتتا سۈيدۇڭ ئامبىلى مالياڭ (لەقىمى مىڭ سەن) بىلەن ئىسكەر باشلىغى گۇاڭ فۇ، روسىيىگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقا مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. چارروسىيە قورقۇپ سەنداۋ خېزىدا "كېلىشىم" قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى، ما بىلەن گۇاڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چاڭ گېننىڭ ماختىنىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى ۋە سىيشى تەيخۇغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلارغا ئەمەل - ئىنئام بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. گۇاڭ شۈينىڭ 27 - يىلى (1902 - يىل) چاڭگېن بېيجىڭغا قايتىپ ھەربى دىۋان بېگى بولدى. مالياڭمۇ چاڭ گېننى مۇھاپىزەت قىلىپ بېيجىڭگە قايتتى. شىئەنگە بارغاندا، قالايمىقانچىلىقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ شىئەنگە كەلگەن (8 دولەت ئارمىيىسى بېسىپ كىرگەن چاغدىكى قالايمىقانچىلىق) سىيشى تەيخۇ بىلەن ئۇچراشتى، مالياڭ بۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇھاپىزەتچىلىك قىلدى. ۋە سىيشى تەيخۇنى قوغداپ بېيجىڭگە ئاپىرىپ قويۇپ ئۇنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولدى. ھەممىدە چاڭ گېننىڭ مالياڭنى ئىلى جياڭجۇنلىقىغا، گۇاڭ فۇنى ماناۋىن دۇتۇڭلىقىغا تەيىنلەش ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى.

گۇاڭشۇينىڭ 32 - يىلى (1906 - يىل) مالياڭ چىڭ-دۇنىڭ جياڭجۇنلىقىغا يۆتكىلىپ، گۇاڭ فۇ ئىلىنىڭ مۇۋەققەت جياڭجۇنى بولۇپ قالدى. ئۇ داۋاملىق دۇتۇڭ يامۇلدا تۇرۇپ، پەقەت ھەر ئاينىڭ 1 -، 15 - كۈنلىرى جياڭجۇن مەھكىمىسىگە كېلىپ ئىش بېجىرەتتى.

بىر يىلدىن كېيىن، چاڭگېن ئىككىنچى قېتىم ئىلى

جىياڭجۇنلىغىگە تەيىنلىنىپ كەلدى. ئۇ ھەربى قوشۇن ئىچىدە ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، يېڭى ئارمىيە قۇردى. ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە ئەسلى خىزمىتىگە قايتىپ كېتىپ، ئىلىنىڭ ئىشلىرى گۇاڭفۇغا قالدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن (1909 - يىلى) گۇاڭ فۇ ئىلىدا تۇرۇشلۇق رەسمىي جىياڭجۈن بولۇپ، مىنگونىڭ 2 - يىلى كېسەل بولۇپ كۆرەدە ئۆلگەنگە قەدەر شۇ ۋەزى- پىسىنى ئىشلىدى.

گۇاڭفۇنى يەرلىك سودىگەرلەر: "گۇاڭ جاڭجۈن گەرچە خەت تونىمىسىمۇ (ئەسكەرلىكتىن كېلىپ چىققان) كىبرى يوق ياخشى ئادەم ئىدى. دايىم ئاماكا خالتىسىنى كۆتۈرۈپ، كوچىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، پۇخرالار ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بەرسە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئەھۋال سورايتتى. كەمبەغەللەر ئۇچراپ قالسا كىيىم - كېچەك، ئۇن، پۇل تارقىتىپ بېرىدىغان ئاق كۆڭۈل جاڭجۈن ئىدى." دەپ ماختايتتى. ئۆلگەندىن كېيىن، جەسىدىنى ھارۋىدا بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدى.

### 3) چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۆرەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى

ئىلى شەرتنامىسىدىن كېيىن، جىن شۇن 30 مىڭ ئەسكەر باشلاپ ئىلىغا كەلدى ۋە ئەسكىرى كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆرەنىڭ شەھەر قورۇلۇشىغا سالدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، ھەربىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن 10 مىڭدەك ئادەم ئۆلدى، كېيىن جىن شۇن يۆتكەپ كېتىلدى، قېپقالغان 10 مىڭدەك ئادەممۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە



كەتتى. سەي جىياڭجۈن ئىلى جىياڭجۈنى بولۇپ كەلگەندە بېيجىڭدىن 15 مىڭدەك مانجۇ ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى، ئەسلىدە قېپقالغانلار بىلەن قوشۇلۇپ 20 مىڭدەك بولدى. شۇ ۋاقىتتا، جاڭجۈننىڭ بىر كۈنلۈك مائاشى بىر يامبۇ، ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ بىر ئايلىق مائاشى بىر يامبۇ ئىدى، كېيىن ئادەم كۆپىيىپ كەتكەچكە، ئات - كالا تارقىتىپ بېرىلىپ، ياشانغان، ئاجىز، مېيىپ، كېسەل ئەسكەرلەرنى دىخانچىلىققا چىقاردى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغا كەلگەندە، ئەسكەرلەرنىڭ سانى 5 مىڭدەك قالغان ئىدى. بۇلار شەھەر ئىچىدىكى مانجۇ ئەسكەر 8 چى، شىۋە ئەسكەرلەر 8 چى، بىر پولىك خەنزۇ ئەسكەر بولۇپ، تەخمىنەن 4 مىڭدەك ئادەم ئىدى. شەھەر سىرتىدىكى 4 كازارمىدا 8 چى ئەسكەر بولۇپ، تەخمىنەن 1500 گە يېتەتتى، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى (ئەسكەرلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) جەمى 13 مىڭدەك ئادەم ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 32 - يىلى چاڭگېن ئىككىنچى قېتىم ئىلى جىياڭجۈنى بولغاندا، يېڭى ئارمىيە قۇرۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ بىر جىلىڭ (بىر دىۋىزىيىگە باراۋەر) ئەسكەر بىلەن كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبتىن يۆتكەپ كېلىنگەن 3 باتالىيون (خۇبېي قوشۇنى) بىر تەلىم - تەربىيە باتالىيونى، بىر ساپيورلار باتالىيونى، بىر ئاتلىق پولىك (گەنسۇدىن قوبۇل قىلىنغان 1000 دەك ئادەم) بار ئىدى. شۇنىڭدەك ئارمىيە قۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن 2 مىليون سەر كۈمۈش ئېلىپ كەلدى.

قوشۇن خەنياڭدا ئىشلەنگەن ماۋزىر ۋە كونا دۈتۈك مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، كۆرەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئورۇنلاشتى، كېيىن تەلىم - تەربىيە باتالىيونى

يەنە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش مەكتىۋىگە ئۆزگەرتىلدى. مەخسۇس باتاليون كوماندىرلىرىنى تەربىيىلىدى. ئۇنىڭدا پىيادە، ئاتلىق، توپچى، ساپيور قاتارلىق 4 قىسىم بولۇپ، 100 دەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى، مەكتەپ ئورنى غەربىي كوچىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ھەربىي تەلىم-تەربىيە باتاليونى قۇرۇپ، ئەترەت باشلىقلىرى (روتا، ئىزۋۇتلارنىڭ كوماندىرلىرى) تەربىيىلىنەتتى، 500 دەك ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. قوشۇننى تەربىيىلەش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىدە قۇرۇلغۇق ئارمىيە تەربىيىلەش ئەترىتى تەسىس قىلىپ، ياپونىيەدىن يۈەن شاگىر ئىسىملىك بىرسىنى تەكلىپ قىلىپ ھەربىي مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى قىلغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىسى يۈزدەك بولۇپ، ئوقۇتىلىۋاتقان ئەسكەر 400 ئىدى. ئۇلار كۈن بويى مەشىق قىلاتتى، ھەقىقەتەنمۇ بىر يېڭىلىق كەيپىياتى بارلىققا كەلگەن ئىدى.

قوشۇندا ئىسلاھات يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىلىرى باشلىقلىققا ئۇستۇرۇلۇپ، قوشۇندا قالدۇرۇلدى، بەزىلىرى كوتۇرۇلۇپ، ئاق سۆڭەكلەر سىنىپىغا كىرىپ كەتتى، يەنە بەزىلىرى يېڭى ئارمىيىگە كىرگۈزۈلدى.

## 4) مەنچىڭ دەۋرىدە كۈرەدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تۇرمۇشى

شۇ دەۋرىدە كۈرە شەھىرى ئىنتايىن ئاۋات ئىدى. يېڭى شەھەر قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، گەرچە چىڭ سۇلالىسى



قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ، خۇبېي، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن سودىگەرلەر كەلگەن بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى يەنە ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ شەھەرنى ئاۋاتلاشتۇردى. بىرسى دۆلەت خىراجىتىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سودىگەرلەرنى بۇ شەھەرگە جەلپ قىلدى. ئەسلىدە قوشۇنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن سودىگەرلەرنى كۈرەگە يوتكىدى ھەمدە سودىگەرلەر ئۈچۈن مەخسۇس دۇكان قۇرۇپ بەردى. ھازىرقى شەرقىي كوچىنىڭ جەنۇبىدىكى 40 يۈرۈش ئۆيىنى سودىگەرلەرنىڭ سودا قىلىشىغا ھەقسىز بەردى. يەنە بىرسى، ئىچكىرىدىن ھۆكۈمەت پۇل خەجلەپ ئاھالە يوتكىدى، قوشۇندىكىلەرنىڭمۇ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۈرەنىڭ نوپۇسى (ئاساسەن خەنزۇ سودىگەرلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ) تەدرىجىي كۆپەيدى. ئەينى ۋاقىتتا، تەخمىنەن، 7000 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 2000 ئۆيلۈك بولۇپ، 10 مىڭدەك نوپۇسقا ئىگە ئىدى، قوشۇندىكىلەرنى قوشقاندا 30 مىڭغا يېتەتتى. شەرقىي چوڭ كوچىدا 10 دەك سېيپۇڭخانا بار ئىدى. (كوپۇنچىسى خۇبېي، خۇنەنلىك ئىدى)؛ شىمالىي چوڭ كوچىدا 7 يەردە چوڭ قىمارخانا بولۇپ، شەرقىي - شىمال چوڭ كوچىسىدىكى چوڭ سارايلاردا ئىدى (ئاساسەن تىيەنجىن، شەنشىلىكلەر ئاچقان ئىدى.)؛ ئەپيۇنخانىلار بازاردىكى تىجارەت شەكلىدىكى ئەپيۇنخانىلاردىن تاشقىرى، ھەممە ئۆيدە دېگىدەك ئەپيۇن چىراقلىرى بار ئىدى...... بۇ يەرگە ئەڭ كۆپ كېلىدىغانلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى

ئىدى. ھەر كۈنى ئۈچ پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلغاند
"بازار باشلاندى"، تۆت تەرەپتىكى سېپىل دەرۋازىلىرى
ئېچىلىپ ھەرخىل سودا دۇكانلىرى تىجارەت قىلىشنى باش
لايتتى، شەھەر سىرتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئارقا
ئارقىدىن شەھەرگە كىرىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ
كۈندۈلۈك لازىمەت بۇيۇملارنى سېتىۋالاتتى. شۇ چاغلارد
ئېچكىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ "غەرپتىكى چوڭ لاگىر"غا بېرىش
دىگىنى، كۆرەگە بېرىشنى كۆرسىتەتتى، بىرمۇنچە سودىگەرلە
كېلىپ بىر ئىككى يىلدىلا نۇرغۇن پايدا ئالاتتى.

مەنچىڭ ئوردىسى خەلقنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش
ھەممىلا تەرەپكە قول سالاتتى، ئۇ چاغلاردا ھەر قايسى
مىللەتلەرنى باشقۇرىدىغان لىڭدۇيلەر چارۋىچىلىق رايونلىرىغ
بىر قېتىم بارسا، "نەچچە يىل يېتىپ خەشلىسىمۇ تۈگىمەي-
دىغان" باج كۆمۈشكە ئىگە بولاتتى. جاڭجۈن ۋە ئۇنىڭ
جەمەتلىرى سىرتقا چىقسا چوڭ تەختىراۋانغا ئولتۇراتتى
ئالدىدا 50 كىشىلىك ئاتلىق ئەترەت، ئوتتۇرىدا مۇزىك
دۈيى، كەينىدە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى، يامۇلدىن چىقىشىغ
6 پاي زەمبىرەك ئېتىلىپ، شەھەردىكى بارلىق ھەركەتلە
دەرھال توختاپ، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكىچە سالام بېرىپ تۇ-
راتتى. مەھكىمىگە قايتقاندىمۇ ئۈچ پاي زەمبىرەك ئوقى
ئېتىلاتتى. ئادەتتىكى مانجۇرلارمۇ "يەر تۇتسا سىلىق تولىمەي-
دىغان، ئات باقسا ئالۋاڭغا چىقمايدىغان" ئالاھىدە ھوقۇق-
لاردىن بەھرىمەن ئىدى. مانجۇلار تۇغۇلۇپ ئەتىسىدىن
باشلاپلا، "ئوغۇل بولسا ئاشلىق ۋە مائاش ئالىدىغان، قىز
بولسا مائاش يوق، ئاشلىق ئالىدىغان" ئالاھىدە ھوقۇقلاردىن
بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلار شەھەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت-



لەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىنى چەكلىگەن ئىدى، كەچقۇرۇن دەرۋازا تاقاش بەلگىسىنى بىرىپ توپ ئېتىلغان ھامان، ئاز سانلىق مىللەتلەر شەھەردىن چىقىپ كېتىشى لازىم ئىدى.

## 5. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مىللىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش دەۋرىدىكى كۆرە شەھىرى

مىنگونىڭ ئىككىنچى يىلىدىن (1913 - يىل) باشلاپ ياڭفېيشيا مۇداپىئە ئەلچىسى بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم قوشۇنلارنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆزى باشلاپ كەلگەن يۈنەنلىكلەر بىلەن كۆرەدە ئەسلىدە بار قوشۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى تۆت ئاتلىق ئەترەتكە ئايرىدى، ئۇلار تەخمىنەن 2000 دەك ئادەم ئىدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىل) روسىيىدە مەغلۇپ بولغان ئاقلاردىن بىرەر مىڭدەك كىشى قېچىپ ئىلىغا كەلدى. ياڭ فېيشيا دۆڭبېيلىق قوشۇنلارنى 4 چوڭ لېيەنگە ئايرىپ، شەھەر سىرتىدىكى كازارمىلارغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاقلار جان بېقىش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلارغا كەتتى. بۇ چاغدا ياڭنىڭ ئەسكىرى كۈچى ئاتاقتا بىر دۆۋزىيە ئىدى. مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىل) گۇرۇھۋازلىق قىلىشىپ، ئەسلىدىكى شەرقى - شىمال قوشۇنىدىكى 1 - 2 - لېيەنلەر بىلەن يۈنەنلىك قوشۇن ئۆز - ئارا ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە، يۈنەنلىكلەر يېڭىلىپ قالدى، قېپقالغان ئادەملىرى سوۋېتكە قېچىپ كەتتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ياڭ باشقا خىزمەتكە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نيۇشى مۇۋەققەت مۇداپىئە ئەلچىسى بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي رەسمى

جۇنجياڭلىققا كوتۇرۇلدى. 1921 - يىلى ئەسلىدىكى شەرقى
شىمال قوشۇنىدىكى باشقا ئىككى لىيەنىمۇ ئىسيان كوتەردى.
ئىككى كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق تىنجىتىلدى. كۈرە
نىڭ ئەسكىرى كۈچىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۆلكە مەركىزىدىن
500 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن كەلتۈردى، بۇ چاغدا كۈرەدە
تۇرۇشلۇق قوشۇن تەخمىنەن 4000 كىشىگە يەتتى. مىنگو
نىڭ 19 - يىلى، جاڭ پېيۈەن (شىنىڭلىق، سابىق ئۆلكىلىك
ھەربى ئىشلار نازىرى) نيۇشىنىڭ ئورنىغا كەلدى. 1933
يىلى شىڭ شىسەي دۇبەن بولدى، جاڭنىڭ ئارقا تىرەگى
(ئۆلكە باشلىقى جىنشۇرېن) يىقىلدى. بۇنىڭغا قارىتا جاڭ
ئوچمەنلىك يۈزىسىدىن شىڭ شىسەيگە قارشى جازا يۈرۈشى
قىلىشقا پۇرسەت كۈتتى. بىراق ئەسكىرى كۈچى ئازلىق
قىلغاچقا قاراملىق قىلىشقا پېتىنالمىدى.

1934 - يىلى جاڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ ئۆز - ئارا
ماسلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىپ، مەغ-
لۇپ بولدى. كۈرە رايونىمۇ ئالتايىسكىلار (كىشىلەر ئاغزىدىكى
گەپكە قارىغاندا قىزىل ئارمىيەمىش) تەرىپىدىن تارما-
قىلىندى، جاڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىلەن ئاياقلاشتى.

جاڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي
قەينى ئاتىسى چيۇ زۇڭجۈن (1935 - يىلى)نى ئىلىنىڭ
مۇداپىئە سىلىڭلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ چاغدىكى كۈرە چولدەرەپ
قالغان چوڭراق دۇكانلار تاقالغان، كوپۈنچىسى غۇلجا
قاتارلىق جايلارغا كوچۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە
بۇ يەرگە بەييانگۇدىن سۇ كېلەتتى. بۇ سۇنىڭ سۈيدۈڭدىن
ئوتىدىغان ئېقىنى توسۇلۇپ قېلىپ، ئىچىدىغان ۋە ئىشلىتى-
دىغان سۇ يېتىشمىگەچكە، دىخانلار كەينى - كەينىدىن باشقا



يۇرتلارغا كوچۈپ كەتتى. شۇڭلاشقا چيۇزۇڭجۈنمۇ سىلىڭبۇ-
سىنى غۇلجىغا يوتكىدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كۈرە تېخىمۇ
چوللۇشۇپ قالدى.

## 6 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا كۈرەنىڭ ئەھۋالى

1944 - يىلى ئىلى، چوچەك، ئالتاي ئۈچ رايوندا
ئىنقىلابى ھەركەت قوزغالدى. مىللى ئارمىيەنىڭ بىر قىسمى
غۇلجىنىڭ بوشلىقىدىن پايدىلىنىپ (بۇ چاغدا غۇلجىنى ساق-
لاۋاتقان بىر دىۋىزىيە ئەسكەر مىللى ئارمىيەنى باستۇرۇش
ئۈچۈن قورغاسقا كېتىپ، كۈرەدە جاڭ شىجى قوماندانلىقىدىكى
بىر پولك قالغان ئىدى.) غۇلجىنى تېزلا ئىشغال قىلدى.
جاڭنىڭ ئەسكەرلىرى شىمالدىكى چوڭ كازارمىغا چېكىنىپ،
ئۈچ ئاي تىركىشكەن بولسىمۇ، ئاخىرى پۈتۈنلەي
يوقىتىلدى.

ئىلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مىللى ئارمىيە ئالدى
بىلەن سۈيدۈڭنى قورشىۋالدى، چۈنكى سۈيدۈڭدە ئاشلىق
تەمىنات ئىسكىلاتلىرى بولسىمۇ، ئەسكەر ئاز ئىدى (تەخمى-
نەن بىر پولك)، بۇ ۋاقىتتا كۈرەدە گەرچە ئامانلىق
ساقلاش 4 - پولكى ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن بىر
پولك خەلق ئەسكەرلىرى بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئەسكەر-
لىرىنىڭ "ئىچىدىن ماسلىشىپ" ھەركەت قىلىشىدىن ئەن-
سىرەيتتى. شۇڭلاشقا سۈيدۈڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا خەلق
ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، شەھەر ئىچىدە قالدۇردى،
ئامانلىق ساقلاش پولكى ھەركەت قىلالماي، سېپىلنىڭ 4
دەرۋازىسىنى چىڭ تاقاپ ياتتى. سۈيدۈڭ 28 كۈنلۈك

قورشاپ سوقۇش قىلىش نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولدى، مىللى ئارمىيە قەدەممۇ- قەدەم كۈرەشنىڭ شەرقى چوڭ كازارمىسىغا يېتىپ كەلدى، كۈرەشتىكى ئامانلىق ساقلاش پولكىنىڭ باشلىقى چېن زىلياڭ ۋە غۇلجىدىن قېچىپ كەلگەن ۋالى دىڭ جېڭلىلار تاقابىل تۇرالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ باشلىقى گاۋشىڭۇ (ئازاتلىقتىن كېيىن يەر ئىسلاھاتىدا باستۇرۇلدى. ئىنىسى گاۋ ××× ھازىرغىچە كۈرەدە تۇرۇۋاتىدۇ) مەجرۇھلار دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى گۇيېڭكۈي (گومىنداڭنىڭ تەخمىنەن 500 دەك ياردارلىرى بار ئىدى) 6- بىرىگادىنىڭ باشلىقى ليۇ ۋېنجې قاتارلىقلار شەھەردىن چىقىپ سۈلھى قىلىشقا باردى. سۈلھى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. شەھەر ئىچىدىكى خەلق قوشۇنىنىڭ ليەنجاڭى چېڭ ××، قارشىلىق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىللى ئارمىيە شەھەرگە كىرىپ بولغاچقا، قارشىلىقى ئەمەلگە ئاشماي، قالدۇق قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتۇلدى. ئامانلىق ساقلاش پولكىنىڭ باشلىقى ۋە قورچاق ۋالىلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، مەجرۇھلار دوختۇرخانىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى. شۇنىڭدەك نەچچە يۈزلىگەن شەرقى - شىمالىق (كوپۇنچىسى ئىلگىرى گومىنداڭغا ئەسكەر بولغان) لارمۇ ئۆلتۈرۈلدى. قالغان 4000 دەك ئاھالىنى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ بىر جايغا توپلاپ قويدى. بىر يىلدىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنى ۋە قاماپ قويۇلغان بىر قىسىم (2000 دەك ئادەم) ئەسىرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ، شىڭ شىسەي سىستېمىسىنىڭ كۈرەدىكى ھاكىمىيىتىمۇ بەربات بولدى.

(بۇ ماقالىنى ئىلى ئوبلاستى تەمىنلىگەن)



# شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىلى قوزغىلىڭى

مۇختەبەر

بۇندىن 70 يىل ئىلگىرى پۈتۈن دۇنيانى زىل- زىلىگە كەلتۈرگەن ئۇلۇق شىنخەي ئىنقىلاۋى 1911- يىلى 10- ئۆكتەبىردە جۇڭگودا پارتلىدى.

بۇ مەزگىلدە ئىچكى جەھەتتە چىڭ خاندانلىق ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى، تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلىكنىڭ قول قىلىشى ئارقىسىدا، قاتمۇ- قات ئېزىلىشكە ئۇچراپ، كۈندىن- كۈنگە نامراتلىشىپ ھالسىزلانغان جۇڭگو خەلقى ئازاپ- ئوقۇبەتكە چىدىماي ئاخىرى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلۇق شىنخەي ئىنقىلاۋىنى قوزغىدى.

شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ياڭقۇنى بولغان ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى ۋۇچاڭ شەھىرىدىكى يېڭى ئارمىيىنىڭ 8- قورغىنىغا قاراشلىق قۇرۇلۇش 7- يىڭىدىكىلەر تەرىپىدىن بىرىنچى ئوقنى ئېتىش بىلەن باشلاندى.

توپ ئاۋازى ياڭراش بىلەنلا، قوزغىلاڭچىلار بىر كېچىدە ۋۇچاڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككى- ئۈچ كۈنگە قالماي خەنياڭ، خەنكۇنى بېسىۋالدى. قوزغىلاڭ تۇنجى قېتىم ئۇخەندە غەلىبە قازاندى.

بۇ غەلىبە سىگنالى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن مەم-

لىكەتكە تارقىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. چىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بۇ كۆرەش دەرھال پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىغا قانات يايدى. بۇ ئىنقىلاۋى ھەرىكەت شۇ چاغدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئارزۇسىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈردى.

شىنخەي ئىنقىلاۋى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇق ئىنقىلاپ بولۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ غالچىسى بولغان ئەكسىيەتچى چىڭ خانلىق ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپلا قالماستىن، ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھوكۈم سۈرگەن مۇستەبىت فېئودال پادىشالىق تۈزۈمىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرى جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. بۇ، جۇڭگو تارىخىدىكى مىسلىسىز زور بۇرۇلۇش باسقۇچى بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مەملىكىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ جۇمھۇرىيەت جۇڭگو مېھنەتكەشلىرىنىڭ دېموكراتىك ئېڭىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ئىنقىلاۋى روھىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەردى ۋە يېڭى ئىنقىلاۋى كۆرەشنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پارلاق يول ئېچىپ بەردى.

پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئوت يالقۇنى يانار تاغ ھالىتىدە تۇرغان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆرەش پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى



ھەرىكىتىنى ئالغا سۈردى. نەتىجىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

شىنخەي ئىنقىلاۋى غەلىبە قازىنىش بىلەن ئىلى رايونىدىكى ئىنقىلاپچىلاردىن بولغان ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋى پاتىيىدىكىلەر سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان تۇڭمىڭخۇينىڭ ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قاناتيايدۇرۇپ، يېڭى ئارمىيە بىلەن گېلاۋخۇيىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەرنى قاناتيايدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن تەشۋىقات ئىشلىرىنى كەڭ ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۇرۇشنىڭ ماددى تەييارلىقىنى ھازىرلاش ئۈچۈن مىسچىتلارغا بېرىپ، نامازغا ئىشتىراك قىلغان شەھەر خەلقىغە نۇتۇق سۆزلەپ، ئىئانە توپلىدى، تەسىرلەنگەن كەڭ خەلق ئاممىسى ھاياجان بىلەن ئىنقىلاپنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ھەتتا بىر تۇل ئايال ئالتۇن بىلەيزۈگىنى چىقىرىپ تەقدىم قىلدى، يوقسۇللار قولىنى كېسىپ قېنىنى ئاققۇزۇپ، ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىش ھەققىدە قەسەميات قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلى ئىنقىلاپچىلىرى ياڭ زەنشۈي قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل تىللىرىدا «ئىلى بەيخۇا گېزىتى»②نى چىقىرىپ، ئىنقىلاۋى ئىدىيىلەرنى تەرغىپ قىلىپ، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋى تونۇشىنى يۇقىرى كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاپ،

ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىۋە، سولون، ئويرات قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلاپقا بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نۇرغۇن نوپۇزلۇق يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلاردىن ھېكىمبەگ غوجا، ھۇسەنباي، ياقۇپ باي، سەئىد، ماشىگۇڭ، ماشىيۇۋدىن، گېلاۋخۇي باشلىقلىرىدىن شۈي سەنتەي قاتارلىقلار قوزغىلاڭچىلارغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئوتۇن، ئىگەر توقۇم قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

ئىنقىلاۋىي ئارمىيە، ئىشچى - دېھقانلار ۋە ئىنقىلاۋىي زىيالىلار قىزغىنلىق بىلەن قوزغىلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئىنقىلاپچىلار «پۇرسەت كەلدى، قوزغىلاڭنى ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدۇ»③دەپ قارىدى.

ئىلى ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى جوش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى رەسمىي قارار قىلدى. نەتىجىدە 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچ سائەت 12دە ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن شۇ كۈنى كېچىسى 5 يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى. لى فۇخۋاڭ باشچىلىقىدىكى قىسىم شەرقى دەرۋازىغا، پىڭ تيەنمىن باشچىلىقىدىكى قىسىم جەنۇبى دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلدى. شەرقى دەرۋازا ئىشغال قىلىنسا، ئاشقىرىدىكى قوزغىلاڭچى قىسىمنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا شەھەرگە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا بولاتتى. جەنۇبى ئامبار ئىشغال قىلىنسا،



ئوق - دورىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلاتتى.

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن كېچىسى، كۈرەڭنىڭ ئىچىدىكى قوزغىلاڭغا ياڭ زەنشۈي قوماندانلىق قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شەرقى دەرۋازىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ دەرۋازا ئارقىلىق سىرتتىكى ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر، پىدايى قىسىملار پولكلىرى شەھەرگە بېسىپ كىردى. قوزغىلاڭچى قىسىملار جەنۇبى ئامبارغا بېرىپ ئۆزلىرىنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، ئاندىن جياڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن دوتۇڭ يامۇلغا ھۇجۇم قىلدى. جەڭ ئىنتايىن كەسكىن ئېلىپ بېرىلدى. قاقشاتقۇچ زەربىدىن كېيىن جىرۇيىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قارشىلىق كۆرسىتىپ باقالمىغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي جىرۇيى قېچىپ كەتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسى ئىشغال قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي دوتۇڭ يامۇلىمۇ ئېلىندى. قوزغىلاڭچى قوشۇن كۈچىنى توپلاپ يەنە شىمالى ئامباردىكى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان چېرىك قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار تولۇق تەييارلانغان ھالدا ئەتراپىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن بىر مەزگىل قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، شىمالى ئامبارنى ئىشغال قىلالمىدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن ئىدى. ياڭ زەنشۈي ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، دۈشمەن تەرەپكە تاشقى جەھەتتىن ياردەمنىڭ يوقلىقىنى، ئىچكى جەھەتتە ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى مۆلچەرلەپ، تاڭ ئېتىش ئالدىدا بىرنەچچە يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ، گۇاڭفۇ④نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قوزغىلاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تېز-

دىن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جۇمھۇرىيەتنى ھىما-
يە قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ۋەزىيەتنى ئۇرۇندىسا، ئىلى-
نىڭ چوڭ دۇدۇسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گۇاڭفۇ ئۆزىنىڭ
تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، نائىلاج بۇ پىكىرنى
قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبىگە
ئېرىشتى.

1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق
ھوكۇمىتى رەسمى قۇرۇلۇپ، گۇاڭفۇ ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنىڭ
دۇدۇلىقىغا، ياڭ زەنشۈي ھەربى باش قوماندانلىقىغا تەيىن-
لەندى. ئاۋالقى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ۋەزىپىلىرى-
نى ئۆتەشكە قالدۇرۇلدى. ئىچكى ئۇرۇنلاشتۇرۇشلار ئاياقلاش-
قاندىن كېيىن، نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىگە تېلېگرام يول-
لاپ، ئىنقىلاپنىڭ ئۇتۇقىنى مەلۇم قىلدى، ھەمدە شىن-
جاڭدا، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، زاڭزۇ قاتارلىق
5 مىللەتنىڭ ئورتاق ئالغا بېسىش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى
ئېلان قىلىندى. ئىلى ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ
خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاياق-
لاشقانلىقىنى جاكالاپ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى
ئېلىشىغا ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. «ھەربى ۋە
خەلقلەر ئىنقىلاپ ياشىسۇن »⑤ دەپ مەدھىلەشتى. ۋەزىيەت
تىنچىپ، خەلق خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

ئىلى ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ خاندانلىق-
نىڭ شىنجاڭدىكى چىرىكلەشكەن ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ قال-
ماستىن، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرى-
گىمۇ قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

ئىلى ۋاقىتلىق ھوكۇمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپنى



قانداق داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسى-
لە بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ مەزگىلدە ئىلى ۋەزىيىتى
ئېغىر ئەھۋالدا بولۇپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قور-
شاۋىدا قالغان ئىدى. چىڭ ھوكۇمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سابىق
ئەمىرى يۈەن داخۇا جاھىل باۋخۇاڭپەيلەردىن بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئىلى قوزغىلىڭىغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى
ئىدى. يۈەن داخۇا ئىلىدا جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىش رادىو
پروگراممىسىنى رەت قىلىپ، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋى-
سىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، جىڭ
ۋە شىخو ئەترابىدا ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىدۇ. دەل شۇ
مەزگىلدە ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى «ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باھار
بايرىمىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈمىز »⑥ دىگەن شۇئار بىلەن
دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ قومبۇلاقتا قاقشاتقۇچ زەربە
بېرىدۇ. دۈشمەنلەر چېكىنگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ
ئاتلىق قىسمى ئىلگىرلەپ كېتىپ، توپچى قىسىم قۇملۇق يېزا-
دا ئارقىدا قالىدۇ. ئاۋۋال كەتكەنلەر كېيىن قالغانلارنى
«ئۇستاتلىق قىلىۋاتىدۇ» دىگەن گۇمان بىلەن نارازىلىق
بىلدۈرۈپ، ئوتتۇرىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. چىڭ قوشۇنى
قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بولۇنۇشىدىن پايدى-
دىلىنىپ، كورتۇنى قورشىۋالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قۇم-
بۇلاقنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ، پۈتۈن قىسىم ھالاك بولۇشقا
تاس قالىدۇ. ياڭ زەنشۈي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا
5 يىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ جىڭغا بېرىپ جەڭگە
قوماندانلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساخار،
ئۆيرات باتالىيونلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىرلەشمە ئات-
لىق قوشۇندىن مىڭچە ئادەمنى يۆتكەپ، جىڭغا بەلگىلەن-

گەن ۋاقىتتا يېتىپ كېلىشىنى تاپشۇرىدۇ.

بۇ مەزگىللەر چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلار تىرە-پىرەك بولۇپ كەتتى دەپ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ ياڭ زەنشۈي پۈتۈن كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، چىڭ قوشۇنىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. دۈشمەن ئالاقزادە بولۇپ، كورتۇنى تاشلاپ شىخوغا چېكىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار شىخونى ئىشغال قىلىپ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن تەنپەنگە كېلىشىدۇ.

ئىنقىلاپچىلار چىڭ قوشۇنىنىڭ ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى گېلاۋخۇيلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى چىڭ قوشۇنىنىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە كۇچار، بۈگۈر، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى گېلاۋخۇيلار جىددى ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئىنقىلاپ بورىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى.

1912-يىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى چىڭ خاندانلىقى تەختتىن چۈشىدۇ. يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەتنى قوللايدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. سۈن جۇڭشەن يۈەن شىكەيگە ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، ئاخىرى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا يۈەن شىكەي سايلىنىدۇ. لى يۈەنخۇڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا بەلگىلىنىدۇ.

1912 يىلى 15 مارتتا مەركىزى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىنجاڭغا رادىيو گىراممما ئەۋەتىپ، ئىلگىركى شۈنفۇ (ئەمىر)نى دۇدۇغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي



27-مارتتا، مەركىزى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە بىر قېتىم رادىيو گىراممما ئەۋەتىپ، «ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىش» بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدە يۈەن داخۇا داۋاملىق يېڭىلىپ تۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، دەرھال ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئۇرۇش توختىتىش بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلايدۇ. ئاخىرى ئىككى تەرەپ چوچەكتە سۈلھ قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ھىيلە-مىكىرلىك ۋاسىتىلار بىلەن ئىنقىلاپچىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئىنقىلاۋى پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىلى قوراللىق قوزغىلىڭى تەل-توكۇس مەغلۇپ بولىدۇ

ئىلى قوزغىلىڭى — شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بارلىق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش ئاخىرقى ھېساپتا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئىلى قوزغىلىڭى نىمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى؟

ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاپقا بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئاممىغا تايىنىدىغان ۋە ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ھەقىقى بىر ئىنقىلاۋى لۇشيەن بولمىدى، پەقەت خۇيداڭ ۋە يېڭى ئارمىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. كەڭ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرمىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەندەك، «پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا، جاھانگىرلىكنى يەڭگىلى بولىدۇ، فېئودالىزىمنى يەڭگىلى

بولىدۇ.» ⑧

ئىلى قوزغىلىڭى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، كۈچلۈك ئىنقىلاۋى ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقالمىدى. ھاكىمىيەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى باستۇرمىدى. ھاكىمىيەتنىڭ قايسى سىنىپنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى، يۈرگۈزگەن سىياسىتىنىڭ قايسى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ مېۋىسى چىڭ خاندانلىقىنىڭ جياڭجۈنى گۋاڭفۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى كونا گۇەنلياۋ، كونا مىللىتارىستلارنىڭ دۇنياسىغا ئايلىنىپ كەتتى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ياڭ زېڭشىن تۈلكىلىك بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ "كېلىشتۈرۈش" ئارقىلىق ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى تارتىۋالدى.

ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى جاھانگىرلارغا نىسبەتەن خام خىيالدا بولۇپ، جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىدى، شۇڭلاشقا ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ ھارپىسىدا شىنجاڭنى يالماپ يۇتۇۋېتىشكە تەييار تۇرغان چاررۇسىيەدىن «بىتەرەپلىكنى ساقلاشنى» تەلەپ قىلدى.

ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مۇرەسسەچىلىكى بىلەن ئىنقىلاپنى ئاداققىچە ئېلىپ بارالمايدۇ. ئىنقىلاپنىڭ تۈپ مەسىلە بولغان ھاكىمىيەت مەسىلىسىنىمۇ تولۇق ھەل قىلالمايدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەندەك: «جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە بۇرژۇئاز-



يىسى بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇ يەنە بىر خاراكتېرىنى يەنى ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرى ئالدىدىكى مۇرەسسەچىلىكىنى ساقلاپ قالغان. جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى ئىنقىلاپ مەزگىلىدىمۇ جاھانگىرلىكتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ، يېزىلاردىكى يەر ئىجارىسى ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ جاھانگىرلىكنى تەل-تۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى خالىمايدۇ، ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايدۇ ھەم، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئىككى تۈپ مەسىلىسىنىڭ، ئىككى تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ ھېچ قايسىسىنى ھەل قىلالمايدۇ»

ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇبىيىتى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەجرىبە ساۋاق ئېلىپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ئەكسىيەتچى، ھاكىمىيەتكە، جاھانگىرلىككە نىسبەتەن ھەرگىز خام-خىيال قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا قارشى ئەڭ قەتئىي، ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى تونۇتتى. شىنجاڭدىمۇ فېئوداللىزم ۋە جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغىچە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىققا چىقىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى پەقەت پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى — جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مىليونلىغان خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ پۈتۈن بىر تارىخى جەريانى شۇ بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى.

ئىلى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ

تارىخى ياك زېڭشىن باشچىلىغىدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتلى
مىللىتارىستلارنىڭ هۆكۈمرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسى
لېكىن شىنخەي ئىنقىلاۋى قوزغىغان ئىنقىلاپ دولقۇنى ئۈزۈلمەس
ئېقىم سۈپىتىدە، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلى
ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى جۇڭگو يېڭى دېموك
راتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ھەيۋەتلىك قايىنىمىغا ئېلىپ كىردى

ئىزاھاتلار:

① گىلاۋخۇي — چىڭ دەۋرىدىكى ئاممىۋى مەخپى تەشكىلا
رەھبىرى لاۋداگى.

② «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» — 1910 - يىلى 3 - ئاي
كۆرە شەھىرىنىڭ شىمالىي كوچىسىدا خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ
ئۇيغۇر 4 مىللەت تىلىدا نەشر قىلىنغان. بۇگېزىت تۇڭمىڭخۇينىڭ
تەشۋىقات قورالى بولۇپ، شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغا
بۇرژۇئا گېزىتى.

③ «شىنخەي ئىنقىلاۋىنى ئەسلەش خاتىرىلىرى» 5 - قىس
506 - بەت (خەنزۇچە نەشرى)

④ گۇاڭفۇ — چىڭ خاندانلىغىنىڭ ئىلىدىكى جياڭجۈنى.

⑤ «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7 - قىسىم (431 - بەت) (خەن
زۇچە نەشرى)

⑥ «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 5 - قىسىم 507 - بەت (خەنزۇچ
نەشرى)

⑦ «شىنخەي ئىنقىلازى» 7 - قىسىم 435 - بەت.

⑧ ماۋزېدۇڭ «تاللانما ئەسەرلەر» 2 - توم 428 - بەت
(ئۇيغۇرچە نەشرى)

⑨ ماۋزېدۇڭ «تاللانما ئەسەرلەر» 2 - توم 625 - بەت
(ئۇيغۇرچە نەشرى)



# ”چىرا ۋەقەسى“ توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلادى

خوتەن كەسپى سىفەن مەكتىۋى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى
خېۋىرتومۇر تەرجىمىسى

## كىرىش سۆز

1911 - يىلى پارتلىغان شىنخەي ئىنقىلاۋى شىنجاڭدا غايەت زور دولقۇن قوزغىدى. 1912 - يىلى 6 - ئايدا ئىچكى، تاشقى جەھەتتە ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان چىرا ۋەقەسى ئەشۇ دولقۇننىڭ بىۋاستە ئىنكاسى بولۇپ، چىرىيىدە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقلىرى چار پادىشاسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ غەزەپ بىلەن قورقماستىن، ئېگىلمەستىن كۆرەش قىلغان قەھرىمانلىقلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى.

كوزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى. ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىمىز شۇكى: بوگۈنكى كۈنگە قەدەر بىز كورگەن تارىخلاردا چىرا خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىلغان قەھرىمانانە كۆرەشلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋەباش - ئاخىرى توغرىسىدا تەپسىلى خاتىرىلەر ئىنتايىن

كەمچىل. بار بولغان ماتېرىياللارمۇ شۇ ۋاقىتتىكى خەت چەكلە
ۋە دېلولار ياكى چەتئەللىكلەرنىڭ ماتېرىياللىرى، سوز-چ
چەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بىرمۇنچە جايلىرى ئەمەلىي ئەھ
ۋالغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا ۋەقەگە قاتناشقان
ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئالەمدىن
ئۆتتى. بەختىكە يارىشا ھايات قالغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس
بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كەڭ خەلق ئاممىسى مەدھىيىلەپ كەلگەن
تارىخىي ئىزلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن
كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى خوتەن
ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقى، ۋىلايەتلىك مەدەنىي
مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا سىفەن
مەكتىپىدىكى مەسئۇل يولداشلار نەق مەيداندا بىر قېتىملىق
تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈشىمىزنى بەلگىلىدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا
چىرا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت يۇرتى
دۆڭفاڭخۇڭ گۇڭشېسىدىكى يولداشلار نۇرغۇنلىغان ياردەم
كۆرسەتتى. بىز ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ خىل خىزمەتنى ئىشلەشتە تەجرىبىمىز كەمچىل
بولغانلىقتىن ھەرخىل شەرت-شارائىتلار چەكلىمىسىگە ئۇچ
رىدۇق. ئايرىم ھال سوراش ۋە سوھبەت يىغىنلىرى
ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئاساسى
جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىققان بولساقمۇ، قىسمەن ۋارىيانتلار
تېخى ئايدىڭلاشمىدى. بۇندىن كېيىن تۈزىتىپ تولۇقلىماق
چىمىز.

خوتەن بىلەن كېرىيە ئارىلىقىدىكى چىرا ناھىيىسى 10
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىرەر مىڭ ئائىلىلىك 3 مىڭ ئاھالى
ئىگە يېزا بولۇپ كېرىيە ناھىيىسىگە قارايتتى. يېزىنىڭ



مەركىزى بۈگۈنكى چىرا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال بۇر-
جىكىدا توغرا كېلىدىغان كوكمەتتە بولۇپ، دۆڭفاڭخۇڭ
گۇڭشېسىنىڭ 19-دادۈي ئەتراپىدىكى جايلارغا توغرى
كېلەتتى. ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر كىنە كوچىنىڭ ئىككى
تەرىپىدىكى ئىگىز-پەس ئۆيلەر ھازىرمۇ ئەسلىدىكى قىيا-
پىتىنى ساقلاپ تۇرماقتا. ئەيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ چاغلاردا
بازار كۈنلىرى ئىنتايىن قىزىپ كېتەتتى. جانلىق بازار بو-
لاتتى. بۇغداي، قوناق ساتىدىغان ئاشلىق بازىرى، قوي، كالا،
ئات، ئېشەك ساتىدىغان مال بازىرى، دوپپا بازىرى، ئۆتۈك باز-
رى ھەر خىل كىيىم-كېچەك ساتىدىغان بازارلار بار ئىدى. ئا-
دەتتە دائىم سودا قىلىدىغان 16-17 دەك دۇكان بولۇپ،
چىبەرقۇت، گەزمال، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ساتاتتى.
تۆمۈرچى، مىسكەر، زەرگەرلەر ۋە ئاياللارغا خاس ھالقا
ياسايدىغان دۇكانلارمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە يەرلىك مال ۋە
ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن تاۋار سودىسى بولۇپلا قال-
ماستىن، ھىندىستان ۋە روسىيىدىن كەلتۈرۈلگەن كالاش، ئۆتۈ-
ك، گەزمال قاتارلىق ماللارمۇ سېتىلاتتى. شۇڭا بازارغا ئولاش-
قان يەرلىك خەلق توپى ئىچىدە دائىم دېگىدەك ھىندى سودى-
گەرلىرى ۋە روسىيىدىن كەلگەن سودىگەرلەر پەيدا بولۇپ قا-
لاتتى. ئۇلار بىرمۇنچە سانائەت ماللىرى ئالغاچ كېلىپ، زور
تۈركۈمدىكى تېرە، يۇڭ، يىپەك، ئۆچكە قاتارلىقلارغا ئالماش-
تۇرۇپ كېتەتتى. بازارنىڭ ئوپچۆرىسى باراقسانلاشقان
قۇم بارخانلىرى ۋە كەڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن
ئورالغان ئىدى. يېرى مۇنبەت، ياز كۈنلىرى ئۇزۇن بولۇپ
يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدىغان ياكى 2 يىلدا 3 قېتىم
ھوسۇل ئېلىنىدىغان زىرائەتلەر تېرىلاتتى. بۇ يەرلەر بۇغداي،

قوناق ئۇستۇرۇشكە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، قوغۇن، ئانار قاتارلىق مېۋىلەرگىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى خوشنا جايلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈن چىرانىڭ تېرىلغۇ مەيدانى 50 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، كوپۇنچىسى پومىشچىك، بايلارنىڭ قولىدا ئىدى. چوڭراقلىرى بىرەر مىڭ مو، ئاز ئىگەللىگەنلىرىمۇ 200 مودىن ئارتۇق يەرگە ئىگە ئىدى. يېرى يوق ياكى ئاز يەرگە ئىگە كەمبەغەل دېھقانلار بايلارغا ئورتاقچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرەتتى. ئېغىر زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. يىللىق مەھسۇلات ئەگەر 10 چارەك بولسا، 3 چارەك ئاشنى ئۇرۇقلۇققا، قالغان 7 چارەك ئاشنى ئىجارىسىگە تولەيتتى. بەلگىلىك ۋاقىتتا دېھقانلار بايلارغا ھەقسىز ئەمگەك ئىشلەيتتى. ئاش يېتىشمەسلىكتەك قىيىنچىلىقتا قالغاندا دېھقانلار پومىشچىكلاردىن جازانە ئاش ئالاتتى. بىر چارەك قوناق ئالغان بولسا، كۈزلىگى بىر چارەك بۇغداي ياكى ئىككى چارەك قوناق تولەيتتى.

دېھقانلار ئېغىر يەر ئىجارىسى ۋە جازانىخورلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ئېغىر باج - سېلىق ئازاۋىغىمۇ گىرىپتار بولاتتى. ئەگەر بىر قوي ساتسا 60 تىيىن باج تولەيتتى. ھەتتا پوچتىكەشلەرنىڭ (خەت توشۇغۇچىلار) ئات - ئۇلاق خىراجەتلىرىمۇ دېھقانلارنىڭ بېشىغا چېچىلاتتى. كەڭ دېھقانلار ئاممىسى يىل بويى ئاچ - يالىڭاچلىق ئازاۋىدا جان تالىشاتتى. شۇنىڭدەك سۇ مەسىلىسىمۇ كىشىلەر ھەمىشە بوغۇلۇپ قالاتتى. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبى ئېتەكلىرىدە ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولۇپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مەسىلىسىدە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ قار - سۇلىرىغا



ئايىناتتى. 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە تاغ سۈيى كېلەتتى. بۇ چاغدا سۇ باياشات بولاتتى. باشقا پەسىللەردە بولۇپمۇ 4-5- ئايلاردا زىرائەتلەرنى سۇغۇرىدىغان سۇ يوق بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ئادەم ئىچىدىغان سۇمۇ مەسىلىسىمۇ جىددىيلىشىپ كېتەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا كېرىيە ناھىيىسىدىن تەيىنلەنگەن بەگنىڭ قول ئاستىدا ئاقسىن بېشى (مىڭ ئۆيلۈك باشلىقى) بىر ئادەم، مىرشەپ (مىراپ) بىر ئادەم بولاتتى. بەگە ئۆز تەۋەلىكىنى 16 مەلىگە ئايرىپ ھەر مەلىگە يۈز بېشى قوياتتى. مىرشەپنىڭ قول ئاستىدا نوۋەت بىلەن سۇ ئىچەتتى (يەر سۇغۇراتتى) يۈز بېشى ئەگەر بىر يىگىرمىنى باشقۇرسا بىر كېچە - كۈندۈز سۇ ئىچەتتى. ئەگەر ئىككى يىگىرمىنى باشقۇرسا ئىككى كېچە - كۈندۈز سۇ ئىچەتتى. سۇ كىشىلەرنىڭ جېنى ئىدى. يىللىق تىرىكچىلىك دەل شۇ سۇغا قاراشلىق بولغىنى ئۈچۈن، سۇغۇرۇش نوۋىتى كەلگەندە جاننى تىكىپ قويۇپ كۈرەشكە چۈشكەندەك جىددىيلىك بولاتتى.

## سېيىت ھاجىنىڭ چىرىغا كېلىشى

تەخمىنەن 1907 - يىلى 5- ئايلاردا، بۇ ياقا يۇرتتا توساتتىن بىر مېھمان پەيدا بولۇپ قالدى. يېشى 40 لارغا يېقىنلاشقان، ئورتا بوي، قارامتۇل، ئورۇق يۈزلۈك ۋە ئازىراق چېچەك ئىزلىق بۇ ئادەم، ئۇزۇن چېچىنى گەدىنىگە چۈشۈرۈپ تارايتتى. بىر تۇتام چېچى دائىم دىگىدەك يېپىپ تۇرىدىغان كوزلىرىدىن ئاسان چۈشۈنۈپ بولمايدىغان قۇۋلۇق چىقىپ تۇراتتى. غەرپ پاسونىدا كىيىنگەن بۇ ئادەم ئارغىماققا مىنىپ ئەجنەبى قىياپىتىدە چىرىغا كېلىپ شەرىپ

ئۇسسىملىك بىر ئادەمنىڭ سارىيىغا چۈشتى. (بۇسارايى ھا-
زىرقى چىرادىكى خەلق مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا توغرى كې-
لىدۇ.) ئۇ ھەر ۋاقىتتا ئارغىماقتا مىنىپ ئۆزىنى كۆرسەتتى.
يەرلىك خەلق ئىچىدە ئۆز ئابرويىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈش
ئۈچۈن رۇسچە "زاكىنچى" دەپ يېزىلغان ئىزناكنى كوكرىكىگە
ئېسىۋالاتتى. چىرانىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقتە كىرىيىگە 170
يول، غەربتە لوپقا 130 يول كېلىدىغان بولغاچقا ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ ئىدارە قىلىشى قىيىن بولغانىنىڭ ئۈستىگە
چىرا ئاھالىسىنىڭ خۇراپىلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، سېيىت ھاجى
بۇ يەردە چوڭ ئىش قىلىش قارارىغا كېلىپ سارايىنىكلەر-
گە ئۆزۈن تۇرۇپ بىر ئاز تىجارەت قىلىمەن دەپ ئېيتقان.
سارايۋەن كۆر مىلىڭ يولۇچىلارنى كۈتۈپ ئۆزاتقان بولسىمۇ،
بۇنىڭغا ئوخشاش ئەجنەبىچە كىيىنگەن يولۇچىنى تېخى بىر-
ىنچى قېتىم ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن دەسلىۋىدە بىر ئاز ھەيران
بولۇپ قانداق قىلىشىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ ئادەمگە
ئاستا- ئاستا يېقىنلاپ كوپلىگەن يەرلىك ئەھۋاللاردىن مەلۇمات
بەرگەن.

سېيىت ھاجى ئۆزىنى ئورتا ئازىيادىن كەلگەن ئەنجانلىق
دەپ تونۇشتۇرۇپ تولۇق ئۆزبەكچە سۆزلەيتتى. يەرلىك ئۇ-
يغۇرچە سۆزنى تولۇق بىلسىمۇ، ئەمما سۆزلىمەيتتى. ۋاقىت ئۆتۈپ-
بارغانسېرى كىشىلەر ئۆزىنى ئەجنەبى دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئا-
دەمنىڭ تېگى- تەكتىنى چۈشۈنۈشكە باشلىدى. سېيىت ھاجى-
نىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ جىيەنى تۇرسۇننىيازخان (ھازىر 84
ياش) چىرا دۇڭفاڭخۇڭ گوڭشې 19- دادۈيدە ئولتۇرۇش-
لۇق بۇ ئايالنىڭ بەرگەن ماتېرىيالى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنغان
سۆزى بار) قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا سېيىت ھاجى



خوتەنلىك داموللا سېيىت ئەھەت دىگەنىنىڭ ئوغلى بولۇپ
15-16 ياش چاغلىرىدا ئۆزبېكىستانلىق سودىگەرلەرگە
ئەگىشىپ تاشكەنت، ئەنجانغا بېرىپ پارچە- پۇرات ئىش
قىلىدۇ. كېيىنچە دىنى مەكتەپلەردە بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن
كېيىن شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ تىجارەت قىلىدۇ. رۇسىيىگە
گىراژدان بولىدۇ. كېيىن قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. 20-
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چار پادىشاسى، تۆرلۈك يوللار بىلەن
جۇڭگوغا غالجىرانە تاجاۋۇز قىلغاندا بۇ غالچا قەشقەردىكى
رۇس كونسۇلخانىسىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن يەركەن، قارغى-
لىقلارنى بىرقۇر ئايلىنىپ بۇيەرلەردە تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى
يېتىپ، ئاخىرى تىجارەتچى دىگەن قالپاق ئاستىدا خوتەنگە
كېلىپ خوتەن بىلەن چىرا ئوتتۇرىسىدا قاتناپ سودا قىلىدۇ.
دەسلەپتە خوتەندىن نەچچە يۈز پارچە گىلەم ئېلىپ چىرىغا
ئاپىرىپ سېتىپ ھەر بىر گىلەمدىن 5 سەردىن تەڭگە پايدا ئالى-
دۇ. سېتىپ بولالمىغانلىرىنى ئالداپ يۈرۈپ چىرىلىق تىجارەت-
چى كېرىم دىگەنگە بىر يىلدىن كېيىن پۇلىنى تولەشكە يۈز دانە
گىلەم تۇتقۇزىدۇ. ئەمما يېرىم يىل بولماستىنلا كېرەمنى
قىستاپ پۇل ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ چاپسانلا نۇرغۇن
پايدا تاپىدۇ. بىراق ئۇ قۇۋلۇق- شۇملۇق بىلەن ئىش
قىلغانلىقتىن تىجارەت قىلغانسېرى ئىش راۋاج تاپمىدى.
ئۇ بىر قېتىم باشقىچە يول تېپىش ئۈچۈن ھاشىم دىگەن بىلەن
شېرىكلىشىپ 25 سەر تەڭگىگە تۆگمە ياساتتى. ئۇ چاغلاردا
چىرىدا تۆگمە دەيدىغان بىر نىمە يوق ئىدى. يېزىلىقلار
بۇ يېڭى نەرسىنى كۆرسە تالىشىپ سېتىۋالىدۇ. بۇ ئارقى-
لىق جىق پايدا ئالغىلى بولىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. بىراق
دىھقانلار ئالدى ئۇچۇق چاپان كوڭلەك كىيىپ بىلىنى بەلۋاغ

بىلەن باغلايتتى. پۇلى بارلارمۇ ئالدى ئۇچۇق پەرىجە كىيىپ گۇللۇك چاپسا رومال بىلەن بېشىنى باغلايتتى. شۇڭا بۇ پەردە تۈگمە لازىم بولمىغانلىقتىن ھېچكىم ئۇنى سېتىۋالمىدى. سېيىت ھاجىنىڭ بۇ تىجارىتى قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمما ئۇ، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيتتى. بىر كېچىسى ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە ياساتقان تۈگمىلەرگە كىرسىن چېچىپ ئوت يېقىۋېتىدۇ. ئەرتىسى يامۇلغا بېرىپ سارايۋەن 200 سەرتەڭگىلىك مىلىمىغا ئوت قويۇۋەتتى تۆلەپ بەرسۇن دەپ ئەرز قىلدى. چىرا ئامبىلى ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ لېكىن رۇسىيە پۇخراسىنى خاپا قىلماي دەپ سارايۋەن تۇردى ئاخۇن ئۆز باھاسى بويىچە تۆلەپ بەرسۇن. ئەگەر تۆلەپ بەرمىسە 300 پالاق ئۇرۇلىدۇ. قىلچە كەچۈرۈلمەيدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئادەتتە كىچىككىنە ساراي ئىگىسىدە نەدىمۇ 200 سەر كۈمۈش بولسۇن؟ شۇڭا ئۇ تەن جازاسى تارتىشقا مەھكۇم بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا يامۇل كىشىلىرى پالاق بىلەن ئۇرغاندا ئۇششۇقنىڭ ئىچ تەرىپىگە تاش قويۇپ تاشقى ئۇششۇققا ئۇراتتى. يامۇل ئادەملىرى تۇردى ئاخۇننى ئەشۇ ئۇسۇلدا ياتقۇزۇپ ئۇرۇپ ئۆلگىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈۋاتىدۇ. يۈز پالاق ئۇرۇلغاندا ئۇرۇلغۇچىنىڭ پۇتى ئىششىپ كېتىدۇ. دەسلەپتە تۇردى ئاخۇن تاياقنىڭ زەربىدىن نالە-پەرياد قىلىپ ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەرنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. بىراق بارغانسېرى ئاۋازى ئۆچۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چىرىدا بۇ كازاپنىڭ ئېتى چىقىدۇ. يوۋاش دېھقانلار ئۇنى كۆرگەندە خۇددى ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالغاندەك قورقۇشىدۇ. بىراق ئادەم تولا بولغانلىقتىن ئۇنى



ھىمايە قىلغۇچىلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن ئابلىز قارى دېگەنلەر سېيىت ھاجىغا ئىپتىقات قىلاتتى.

ئابلىز قارى قەشقەر قوغانلىق بولۇپ، دەسلەپ چىرىدىغا كەلگەندە ئۆزىنى دىنى ئادەم دەپ يۇقۇرى كۆتەرگەن ئىدى. كېيىنچە توغراقلىقتىكى ئىمىن شاۋاپنىڭ يەر-مۈلكىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن سودىگەرچىلىك قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ، ئاساسەن ئەتلەس-شايىچىلىك قىلىدى، 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان پاكار-دوغىلات بۇ ئادەم، سېمىز ۋە مىختا كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى ياخشى كۆتكەنلىكى ئۈچۈن قارامتۇل يۈزىدىن دائىم ياغ تەپچىرەپ پاقىراپ تۇراتتى. بۇ قېرى ئەبلەغ دەل شۇ چاغلاردا ئۆزى ئۈچۈن قاۋۇتى-سوقتى قىلىشقا ئۇستا بىر ئادەمگە مۇھتاج ئىدى. سېيىت ھاجىمۇ بۇ پەردە دەسسەپ تۇرغىدەك بىر جايغا مۇھتاج ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئۆز-ئارا مەنپەئەت ئېھتىياجىدىن شېرىكلىشىۋالدى. بەش ئايدىن كېيىن ئابلىز قارىنىڭ كىشىگە ئۇڭاي يېقىپ قالىدىغان سەتەك قىزى مەرەمخان سېيىت ھاجىنىڭ ئايالى بولۇپ قالدى.

## ساختا مۇھاجىر بولۇپ، ھەرخىل ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ خوجايىنى چار پادىشاسىنىڭ پايدىسىغا ئىشلەش

سېيىت ھاجى چىرىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن قەشقەردىكى چار رۇسىيە كونسۇلخانىسى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى كۈندىن-كۈنگە كۈچەپ قىستاشقا باشلايدۇ.

تارىخى تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ جۇڭگو بىلەن غەرپ-

نىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئالاقىسىنى تەدرىجى يوسۇندا دېڭىز قاتنىشى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ئېتەك-لىرىدىكى بوستانلىقلار — قەدىمقى يىپەك يولىدىكى مۇھىم مەنزىللەر، ئارقىلىق يەنىلا خوشنا ئەللەر بىلەن كىچىك دائىرىدە خەلق ئارىسىدىكى سودا تىجارەت قاتنىشى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. چار پادىشاسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىغا پىلە قۇرۇتتەك يەپ كىرىشنى ھامان شۇ تىجارەت يولى بىلەن سىڭىپ كىرىشتىن باشلىغان ئىدى. بەزەن چەتنىڭ سودىگەرلىرى بۇ يەرلەردە پايدا بارلىقىنى كۆرۈپ مۇنبەت جايلاردا ئورۇنلىشىپ قالاتتى، ئۇلارنىڭ بەزەنلىرى سودا-سېتىققا يولۇنۇپ ھايات كەچۈرەتتى، بەزەنلىرى كونسۇلخانىلارنىڭ كوز-قۇلىغى بولۇپ يەنى تىجارەت نامى ئاستىدا جاسۇسلۇق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خوجايىنلىرىغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرەتتى. سىيىت ھاجى ئەنە شۇنداق ئىككى قۇللۇق ئادەم ئىدى. ئۇ چىرىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك تەسىرىنى ئۇلغايتىپ قەشقەردىكى چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىغا خىزمەت كورسىتىش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تارتىپ رۇس مۇھاجىرلىرىنى كوپەيتىدۇ. ئەمما مۇھاجىرلىققا كىرگەن 20 نەچچە ئائىلىلىكلاردىن باشقا ئۆز ۋەتىنىگە يۈز ئورۇشنى ھېچكىم خالىمايتتى. سىيىت ھاجى ئۆز ئىشىنى راۋاج تاپتۇرالماي تۇرغان ۋاقىتتا، كوتۇلمىگەن بىر ئىش ئۇنىڭغا زور مەدەت بەردى.

1906-يىلى شىنجاڭ ھوكۇمىتى تەرىپىدىن ھەرقايسى ناھىيىلەردە شياۋتاڭ مەكتەپلىرى ئېچىپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى-لارغا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇلسۇن دېگەن بۇيرۇق ئېلان



قىلىندى. بۇنىڭغا بىنائەن چىرىدىمۇ شياۋتاڭ مەكتەپ قۇرۇلدى. بەزەن مۇتەئەسسىپ باي، پومىشچىكلار ۋە ئۆلىمالار بۇ پۇرسەتتە ئاممىنى قورقۇتۇپ، كىمكى بالىسىنى شياۋتاڭغا كىرگۈزۈپ خەنزۇچە ئوقۇتسا خۇدانىڭ غەزىۋىگە ئۇچرايدۇ دەپ ئۇسەك تارقاتتى. قورقۇنچ سالىدىغان مۇنداق ئۇسەك سوزلەرنى ئاڭلىغان سودىگەر نۇرۇل ھاجى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن بالىسىنى قايتۇرىۋالىدى. ئۇ بىر قېتىم تۇققىنى غوپۇر ئاخۇنغا. بالامنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، قانچە پۇل كەتسىمۇ مەيلى! دېگەندە غوپۇر ئاخۇن سىيىت ھاجىنىڭ يېنىغا بېرىپ: مەلىمىزدىكى نۇرۇل ھاجىنىڭ بالىسىنى شياۋتاڭ مەكتەپكە تۇتىۋالغان ئىكەن، ئۇ ئادەم بالامنى قوتقۇزىۋېلىش يولىدا بىر-ئىككى مىڭ سەرتەڭگە كەتسىمۇ مەيلى دەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئامالىرى بارمۇ؟ دەيدۇ. سىيىت ھاجى ئۇنىڭغا قاراپ غولىنى شاپىلاقلاپ تۇرۇپ: ئەرتە ئۆكىشى مىنىڭ قېشىمغا كېلىپ 2 يىرىم سەرتەڭگە خەشلەپ بىرگوۋانامە سېتىۋالسۇن، ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ دەيدۇ. ئەتىسى نۇرۇل ھاجى، سىيىت ھاجىنىڭ ئويىگە كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا 2 يىرىم سەرتەڭگە قويىدۇ. ئاڭغىچە سىيىت ھاجى ھويلىسىغا توپلاپ تەييارلاپ قويغان بىرمۇنچە ئادەملىرىگە قاراپ: بۇ ئادەم (نۇرۇل ھاجىنى كورسىتىپ) ئاتىسى ھەمدۇللا ئەسلىدە ئوشلۇق بولۇپ چىرادىكى مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېلىپ بۇيەردە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ قالغان. نۇرۇل ھاجىنىڭ ئوغلى تۇزسۇن نىيازنى شاۋتاڭ مەكتەپكە تۇتۇۋاپتۇ. خەنزۇچە ئوقىسا خۇدانىڭ غەزىۋىگە ئۇچرايدۇ. لېكىن رەھىمدىل خۇدا بۇ ئادەمنىڭ ئەنجانلىق

بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ قەھرىدىن كەچتى. قىنى بىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىر دۇئا قىلايلى. بۇ كىشى پۇشمان قىلىپ تۆۋە قىلسۇن: دىگەندە تەييارلاپ قويغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كوتۈردى: سەيىت ھاجى دەرقام تۇرغان ئادەملەرنى گۇۋاچى قىلىپ كىرىيە ئامبىلىغا بىر پارچە خەت يېزىپ نۇرۇل ھاجىنىڭ قولىغا بىردى. نۇرۇل ھاجى كىرىيە ئامبىلىغا خەتنى ئېلىپ بارغاندا ئامبال كوروپ چەتئەل ئادەملىرىنىڭ ئىشى بولغاچقا دەرھال جاۋاپ خەت يېزىپ "سەن بۇ خەتنى مەكتەپكە كورسەتسەڭ بالاڭنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ" دەيدۇ. نۇرۇل ھاجى چىرىغا كېلىپ خەتنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بالىسىنى قايتۇرۇپ چىقىپ كىتىدۇ. "سەيىت ھاجىنىڭ يۈزى نىمىدىگەن چوڭ!" بۇ گەپ تارقالغاندىن كېيىن داماگۇ ۋە گولاخمادىكى 50 نەچچە باي دىخان ئائىلىلىرى سەيىت ھاجىنى ئىزدەپ كېلىپ رۇس يۇخىراسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سەيىت ھاجى بۇ پۇرسەتتە ئۇلارغا گۇۋانامە تارقىتىپ بىرىدۇ ۋە قاقتى-سوقتى قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ سەيىت ھاجىنىڭ تەسىرى چوڭۇيىدۇ. سەيىت ھاجى چىرىدا سۇ مەسىلىسى يۇرتىنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشۈنۈپ، ئابلىز قارى ۋە شۇنىڭدەك پۇل-مېلى بار روسيە پۇخرالىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئەتراپىغا لۆكچەكلەرنى توپلاپ چىرانىڭ پۈتۈن سۈيىنى ئىگەللىۋالىدۇ. روزى ھاجى دىگەن بىر كىشى مىراپلىق قىلىپ ئەنجانلىق بولغانلارنىلا سۇبىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ تېرىغىنى ياكى بەلۋىغىنى ئوستەڭ بويىغا تاشلاپ قويسىلا، بەلگە بولۇپ تۇراتتى. ھىچكىم ئۇنى يوتكىۋې



تەلمەيتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ سۈيى ئۈچ كۈنلۈك بولسىمۇ، ئون كۈنلەپ سۇغۇراتتى. بۇيانقىلارنىڭ 5 كۈنلۈك سۈيى بولسا، ئاران 2 كۈن يەر سۇغۇرالايتتى.

1910-يىلى تۆۋەن جاي، ماخمال دىگەن جايلاردىكى دىخانلار ئوز يەرلىرىنى سۇغۇرالماي زىرائەتلەرنىڭ سۇسىزلىقتا قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ بىئارام بولاتتى. سەيىت ھاجى ئەشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ بولۇشىنى كۈتەتتى ۋە كىمنىلا كورسە: "نىمە غەم قىلىسىلە!. ماڭا ئەگىشىپ رۇسىيە پۇقرالىقىغا كىرسەڭلار، يالغۇز سۇغۇرۇش مەسىلىسىدە ئەركىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باجمۇ تولىمەيسىلە" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن پومىشچىك، باي دىخانلار بىر-بىرلەپ ئۇنىڭ قويىنىغا ئوزىنى ئاتاتتى. ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ چىرىيىدە ياشىغان يەرلىكلەر سەيىت ھاجىغا 20 ياكى 25 سەر تەڭگە تولەپلا دەرھال مۇھاجىرلىق گۇۋانامىسى ئېلىپ ئەنجانلىق بولۇۋېلىپ باشقىلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن بولۇۋالاتتى. ئاقساقال تۇردى ئاخۇنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى، ئۇ راسا تەۋەككۈلچى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئالماس ئەزەلدىن چىرىيىلىك بولۇپ چەتئەلگە بارمىغان ئىدى. تۇردى ئاقساقال، سەيىت ھاجى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغاندىن كېيىن بىر دومۇلاپلا ئوشلۇق بولىۋالدى. ئىشىك بېشىغا روسىيە بايرىقىنى ئېسىپ رۇس مۇھاجىرلىرىنىڭ باشلىقى بولىۋالدۇ. ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ سېرىق ۋە كوساڭ مەللىرىدە ياشاپ ئوتكەن ئۇرۇغلارمۇ روسىيە پۇخراسى بولۇشنىڭ بۇ قەدەر ھەشەمەتلىك بولىدىغانلىقىنى كورۇپ، بوۋىلىرىمىز ئەنجاندىن كوچۇپ كەلگەن دەپ ئوزگەرتىۋالدى

ئومۇمەن ئۇ چاغدا روسىيە گۇۋانامىسى ئالغانلار ك.وكرىسگەنى كىرىپ ئەركىن يۈرەتتى. سودا قىلسا باج تۆلىمەيتتى. سۇغۇرۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئەركىن ئىدى. ئۆزى ئىشلىتىپ بولالمىغان سۇنى باشقىلارغا ساتاتتى. بىر مو يەرنى سۇغۇرىدىغان سۇغا بەش مىسقال تەڭگە ھەق ئالاتتى. بۇخىل ئۇسۇلدا سېيىت ھاجىغا بېقىنىدىغان ئادەم بارغانسېرى كۆپەيدى. ئادەتتە توغرى كەسىپ قىلماي يۈرىدىغان بىكارچىلارمۇ بۇنىڭدىن نەپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ سېيىت ھاجىغا تول-چوماق بولۇشقا باشلىدى. لېكىن بىر نۇركۈم ھەقىقى ئادەملەر ئۆز ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈشنى خالىماي، ئۇ تەرەپكە ئۆتمىدى. شۇڭا سېيىت ھاجى قاتتىق قوللۇق قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش يولىنى تۇتقان ئىدى.

سىرىق ئۇستەڭ بويىدا سۇلايمان ئىسىملىك دېھقان، تېرىغان كۆممە قوناقلىرىنىڭ سۇسىز قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۇ زومىگەرى سېيىت ھاجى بىلەن زاكونلاشتى. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن سۇ ئېلىشنىڭ ئورنىغا بىر مۇنچا دۇمبا يەيدۇ. ئايالى پاتەمخان سۇلايمان ئاخۇنغا مەسلىھەت بېرىپ: "بولدى قىلىڭ! بىز قانداقمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمىز. ئۇلارنىڭ پۇلى بار ھەم كۈچى بار. ئەنجان پۇقراسى بولساق بولايلى، ئەسكى ئىش قىلمىساقلا بولىدىغۇ!؟" دىدى. بۇ ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، زىرائەتلەرنى يىغىپ ئەيتقاندا ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، دەرت-ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، رۇس پۇقرالىقىغا ئۆتۈپ "ئەنجانلىق" بولۇۋالدى. سۇ قىس چاغلاردا ئەنجان پۇقرالىرى سۇغا قىستالمايتتى. سىرىقتىكى غۇلام ئىسىملىك مۇھاجىر ئۆز يېرىدىن ئاشقان سۇنى بىكاردىن بىكار جاڭگالغا قويۇۋاتقاندا مىڭ بېشى زومرەت ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلىپ 16 ئادەم ئەۋەتكەندە غۇلام كۈلۈپ كېتىپ: "ماقۇل مەن كەتمەن ئەكىلىپ سىلەرگە سۇ ئېچىپ بېرەي! دەپ ئۆيىگە بېرىپ ئېشىكىگە مىنىپ خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە باردۇ. سېيىت ھاجىنى كۆرۈپلا بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ: زومرەتنىڭ ئادەملىرى مېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا قىل قالدى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ! دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېيىت ھاجى غۇلام ۋە باشقا يالاقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈچتاندەك زومرەتنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇ. بالا-قازا ئۆز ئايىغى بىلەن دىگەندەك زومرەت ئۇلارغا بازاردا ئۇچراپ قالدۇ. غۇلام يۈگۈرگەن بويى بېرىپ زومرەتنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ. زومرەت ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ قارشى تۇرۇشقا مۇمكىن بولماي ئاخىرى ئۆي-ماكانىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدۇ.

مەنپەئەت بىلەن قايمۇقتۇرۇش، تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇش ئارقىلىق قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە "ئەنجان پۇقراسى" بولغانلار كۆپىيىپ گۇۋانامە ئالغانلار 200 دىن ئاشتى. سېيىت ھاجىنىڭ قولىشى ئاستىدا ئۇلارنىڭ بەزەنلىرى يەرلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، بەزەنلىرى بازارنى ماناپول قىلىۋالدى، يەرلىك ھۆكۈمەتنى كۆزىگە ئىلماي ئۆزمەيلىچە كورەڭلىدى. بۇ ئەھۋالنى كىرىيە ئامبىلى ئاڭلىغان بولسىمۇ چەكلەشكە كۈچى يەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، قۇرۇق بۇيرۇقنى ئېلىپ قايتاتتى. كىرىيە ئامبىلى چىرا بېگىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: يۇرتۇڭلاردا رۇس مۇھاجىرلىرى يەر-زېمىن، جاي-مۈلۈك سېتىۋالسا ھەرگىز سېتىپ بەرمەڭلار!"

دىگەن بولسىمۇ، بۇ سوز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان قۇرۇق سوزدىن ئىبارەت ئىدى.

"ئەنجان پۇخراسى" ھوسۇيۇن مەمەت ئىسىملىك بىرسى ئۇستەلڭ بويىدىكى ئىسومەر ئاخۇن دىگەننىڭ ئويىنى سېتىۋالدۇ. ئۇچاغدا مۇلۇك سودىسىدىكى توختام خەتلەرگە بەگ بىلەن قازى موھۇر باساتتى. ھوسۇيۇن مەمەت، ئەنجان پۇخرالىرىغا يەر-زېمىن سېتىپ بېرىلمىسۇن دەيدىغان بۇيرۇقنىڭ بارلىغىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئارقا تىرىگىگە ئىشىنىپ توختام خەتنى بەككە ئاپىرىپ مەجبۇرى تامغا باستۇرماقچى بولدۇ. بەگ بىرتەرەپتىن ئامبالنىڭ بۇيرۇغىغا خىلاپ كېلىشتىن تارتىنسا يەنە بىرتەرەپتىن: ئەنجان پۇخراسىنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن ۋەھىمە قىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ: "قازىغا موھۇر باستۇرساڭلا بولىدۇ" دىدى. ھوسۇيۇن مەمەت خەتنى قازىغا ئېلىپ بارسا، تۇرسۇن مەمەت قازى خەتكە بەگنىڭ تامغا باسمىغانلىغىنى كورۇپ، ئالدى بىلەن بەگ تامغا باسسۇن ئاندىن مەن موھۇر قويىمەن دەيدۇ. يوسۇيۇن مەمەت ئاچچىغى كېلىپ سېيىت ھاجىغا ئەرز قىلدۇ. سېيىت ھاجى بۇ مەسىلە ئۇزىنىڭ چىرىدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش دەپ بىلىپ غەزەپ بىلەن قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ گەپ سوز سورىماستىنلا ئىككى شاپىلاق ئۇردۇ ۋە باشقا قازىلارغا موھۇر باستۇرىمەن دەپ چىقىپ كېتىدۇ. قازى تۇرسۇن مەمەت داۋلىسى بولسىمۇ سوزلۇشۇشكە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ مازار غوجامغا بېرىپ ئۇن نەچچە كۈن يېتىۋالدۇ.



زۇلۇم كىشىلەرنى بوي سۇندۇرسىمۇ لېكىن بويسۇنمايدىغانلارمۇ بولدۇ. ھازىر چىرا دۇڭفاڭخۇڭ گۇڭشې 15-دادۇي ئەزاسى خوجا ئالىمنىڭ ئاتىسى روزى ئەھمەت بويسۇنمىغانلاردىن بىرسى. سېيىت ھاجى ئۇنى يېرىم ئاي قاماپ ئۇستەلڭ بويىغا ئېسىپ ئۇرغان بولسىمۇ يەنىلا باش ئەگمىگەن ئىكەن. سېيىت ھاجى چىرا بازىرىدا زومىگەر بولۇپلا قالماستىن داماگو، گولاخما قاتارلىق جايلاردىمۇ ھەركەتلىنىپ، ئەنجان پۇقرالىرى"نى كوپەيتتى. كىشىلەرنىڭ كوڭلىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن سىلىق يوللارنى، بولۇپمۇ دىنى تەسىردىن پايدىلىنىپ ئۇز ئىناۋىتىنى ئۇستۇرمەكچى بولغان سېيىت ھاجى ئاتىغا مىنىپ ئوڭ تەرەپىگە قىلىچ، سول تەرىپىگە قۇرئان ئېسىپ ئاممىنى قايمۇقتۇراتتى. بۇ ئەبلەخ چىرىغا كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئوتمەيلا مىرزا خەيبەر ھاجىنىڭ مەدرىسەسىدە ۋەزىپە ئوتىدى. ئەمەلىيەتتە خېلى بۇرۇنلا ئەنجان پۇخراسى" نىڭ مەدرىسىنى قۇرماقچى بولغان ئىدى. لېكىن يەرلىك ئاممىنىڭ قارشى تۇرۇشىدىن قورقاتتى. كېيىن قازى بىلەن يامانلىشىپ قالغاندىن كېيىن باشقا بانا تېپىپ ماخمالى مەلىسىدە ئۇستەلڭ ياقىسىدىن مىرزەم ھاجىنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ ئەنجان مەدرىسە"سىنى سالدى. مەدرىسە پۇتكەندە قەشقەردىن ئۇزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۇچۇن ئاخۇن ئېلىپ كەلدى. مەدرىسىدىكى مىرزا خەيبەر ھاجى 16 تالىپ بەردى. بۇ تالىپلار سېيىت ھاجىغا كورۇنۇپ قويغاندىن كېيىن، تولىسى ئوقۇشقا كەلمىدى. كېيىن ئابلىز قارى مەلىدىكى ئەنجان پۇخرالىرىنىڭ بالىلىرىنى توپلاپ ۋەز-نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن تالىپلار كوپىيىشكە باشلىدى.

بۇلار ئاتاقتا تالىپ بولسىمۇ ئەمىلىيەتتە ئابىلىز قارى بىلەن سىيىت ھاجىنىڭ قۇللىرى ئىدى.

چىرا خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى سىيىت ھاجىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ خەلقنى بوزەك ئەتكەنلىكىگە يەرلىك خەلق نارازى ئىدى. ئادەتتە ئاچچىقى كەلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، سوزلىيەلمەيتتى. بەزەنلىرى ئاستىرتتىن شىكايەت قىلاتتى. سىيىت ھاجىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قاغاپ تىللايتتى. ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقىپ كوپچىلىكنى باشلاپ بۇ ئالۋاستى بىلەن كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. سۇپۇرگە ئىسىملىك بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ كوپچىلىككە باشلامچىلىق قىلىپ سىيىت ھاجى بىلەن قاتتىق كۆرەش قىلدى.

سۇپۇرگە توپا مەلىسىدىن بولۇپ 40 ياشلارغا كىرگەن ئوتتۇرا ھال ئاۋقەتچى ئىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە سارايلىرى بار ئىدى. ئادەتتە جەمىيەت ئىشىغا قىزغىن ئارىلىشىدىغان، خەقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئىناۋەتلىك ئادەم ئىدى. كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئوچۇق كوڭۇل بۇ ئادەمگە يولدا كىچىك بالا سالام قىلسىمۇ، ھورمەت بىلەن ئىھتىرام بىلدۇرىدىغان كەمتەر ئادەم ئىدى.

سىيىت ھاجىنىڭ زوراۋانلىقىنى كورۇپ تۇرغان سۇپۇرگە خېلى بۇرۇنلا يۇرتداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ ھەممىشە بىر تۇركۇم تونۇشى مۇجمەل ئادەملەرگە نەسىھەت قىلىپ مەسىلىنى ئەتراپلىق چۇشۇنۇپ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۇشۇپ كەتمەسلىكنى ئاگاھلاندۇراتتى. سىيىت ھاجىدىن تاياق يېگەندىن كېيىن ئوي-جايىنى تاشلاپ كەتكەن



ئۇزۇمرەتكە سۇپۇرگە نەسىھەت قىلىپ: ”سەن ئوي-ماكانىڭنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا يۇرسەڭ بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكىنىڭ ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، بىز ئويلۇشۇپ باشقىلاردىن سوزلۇشۇپ كورەيلى“ دەپ ئۇنى ئوز يېنىدا تۇتۇپ قالدى. سىيىت ھاجى سۇپۇرگە ئاخۇننى خۇددى كوزىگە قادالغان مىق، تېنىگە سانچىلغان تىكەندەك كورۇپ ئۇنى يوقۇتۇۋېتىشكە ئامال ئىزدەيتتى. بىراق سۇپۇرگىنىڭ جەمىيەتتە ئىناۋىتى بولۇپ بىر توپ جامائەت ھىمايە قىلغاچقا سىيىت ھاجى قاتتىق قوللۇق قىلىشقا ئامال قىلالماي، باشقىچە ئۇسۇل قوللانماقچى بولدى. بىركۇنى سىيىت ھاجى ئوزىنىڭ غالچىسى ئىدرىس قاتارلىق 4 ئادىمىنى ئەگەشتۇرۇپ توپا مەلىسىگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇپۇرگە ئوز ھويلىسىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان بىر دىنى كىتاپنى ئوقۇۋاتاتتى. سىيىت ھاجى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە سۇپۇرگىنىڭ ھويلىسىدىن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسىدا كەلگەن مېھمانغا ئوي ئىگىسى ئالدىغا چىقمىسا، ئۇ مېھمان قارشى ئېلىنمىغان ھېسابلىنىدۇ. نىرمۇ سىز سىيىت ھاجى ھويلىغا ئۇسسۇپ كىرىپ يىراقتىنلا كۇلۇپ ئامانلىق سوراشتى. سۇپۇرگە ئۇنىڭ كەلگىنىگە قىمىرلاپمۇ قويمىدى. سىيىت ھاجى ئالغاچ كەلگەن تەڭگە پۇللارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قېلىنلىق بىلەن: ئىنىم چىرا بويىچە يالغۇز سەنلا يارايسەن! باشقا ھېچكىم ماڭا يارىمايدۇ“ — دېدى.

”خاتىرجەم بولۇڭ ھەممە ئىش سۇپۇرگە مولىنىڭ قولىدىن ئوتىدۇ“ — دېدى سۇپۇرگە سوغۇققىنە كۇلۇپ، سىيىت ھاجى ئۇنىڭ ئېغىز ئاچقانلىقىنى كورۇپ پۇرسەتنى

قولدىن بەرمەي: سوپۇرگە ئاكا، بىزنىڭ ئىشقا ئارىلاشمايدىغانسىز؟! كوپچىلىك ئىناقلىشىپ ئۆتسەك نېمىدېگەن ياخشى! سوپۇرگە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ سېيىت ھاجىغا قولىنى سانچىپ: "سىلەر بىزنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا قانۇنسىز ئىشلارنى قىلساڭلار، بىزنىڭ كارىمىز بولماسلىق ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ، دەپ بىرمۇنچە تىللاپ سېيىت ھاجىنى ئېغىز ئاچتۇرغىلى قويمىدى.

قەيسەر سوپۇرگە ئاكا يالغۇز ئەمەس ئىدى. يېقىن خوشنىسى توختى ئاخۇن، سېيىت ھاجىنىڭ ياخشى نىيەتتە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر ئەھۋال تۇغۇلمىسۇن دەپ بىرنەچچە ئادەم توپلاپ ھويلا ئەتراپىدا تۇرۇشقان ئىدى. بۇلاردىن بەزەنلىرى شۇ ۋاقىتتىكى تارىخنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ ھازىرمۇ ھايات بار.

سېيىت ھاجى تامغا ئۆسسۈۋېلىپ قويرۇقىنى چىۋىسىغا قىسىپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن سوپۇرگە ئۇلارنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ سېيىت ھاجى بىلەن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى، ئەتىگەنلىكتە سوپۇرگە بىر مەقسەتتىكى بىرمۇنچە ئادەملەرنى توپلاپ مەسلىھەت قىلغاندا، سېرىق مەللىك زۇمرەت، كانچارلىق قۇناجى، ئىساق ئېقىنبېشى: غول ئېرىقتىكى ھامۇت ئېقىنبېشى، مەمەت سەيدى: ماخماللىق مەمەت دوغا بەگ، رۇستەمباي، توغراق ئېگەردىكى مەمەت شېرىپ خەلپەت، ئۇچالىق توختى بەگ، جىرقىدىكى ياقۇپ ھاجى، بازاردىكى تۇرسۇن مەمەت، كېرىم ھاجى قاتارلىق 17 نەپەر خالىس ئادەملار قەسەمىيات قىلىشىپ: "سېيىت ھاجىنىڭ چىرا خەلقلىرىنىڭ شىللىسىغا مىنىپ



زوراۋانلىق قىلىشقا قەتئىي يول قويمايمىز. دەۋا قىلىشقا قانچە پۇل كېتىشىدىن قورقمايمىز، بىر سەردىن 17 سەر، 17 سەردىن 170 سەر؛ 170 سەردىن 1700 سەر كەتسىمۇ چىرا خەلقىغە ئېغىرچىلىق سالماستىن ھەممىنى ئۆزىمىز چىقىرىمىز، مەخسەتكە يەتمىگىچە ھەرگىز توختاپ قالمايمىز دېيىشتى. مەسلىھەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلار تەرەپ - تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتتى ۋە باشقىلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ چاغدا سېيىت ھاجى چار پادىشاسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تەپ تارتماستىن ھاكاۋۇرلۇق قىلاتتى. بولۇپمۇ 1911 - يىلى 9 - ئايدا مۇئاۋىن كونسۇل بەيرۇنىس خوتەنگە كېلىپ سېيىت ھاجى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ يەل بەرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى.

سېيىت ھاجىنىڭ بۇ قەدەر غالجىرانە ھەركەت قىلىشىدا ئارقا تىرىكى بارلىقىنى بىلگەن سوپۇرگە، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىشتا يالغۇز ئۆز كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى چۈشىنىپ يەرلىك ھوكۇمەتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1912 - يىلى 2 - ئايدا سوپۇرگە، زۇمرەت قاتارلىق 17 كىشىنى باشلاپ كېرىيە ئامبىلىغا سېيىت ھاجىنىڭ سۈنئى ئېگەللىۋالغان، جۇڭگو پۇخرالىرىنى ئەنجان پۇخراسى بولۇشقا مەجبۇرلىغان قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. كېرىيە ئامبىلى شىن يۈچىڭ سېيىت ھاجىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئاممىنى ئازغاشتۇرۇپ باج - خىراج تولىمەيۋاتقان زومىگەرلىكلىرىنى بىلىپ نارازى بولغان بولسىمۇ، لېكىن چار روسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرۇ-

ۋاتقان "ئەجنەبىي دارىنلەر"گە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي سۇپۇرگە باشلىق دەۋاگەرلەرنى بىرنەچچە ئاي جىم يېتىپ تۇرۇڭلار دىدى. سۇپۇرگە قەتئىي قارشىلىق كۆرسۈتۈپ: "بىز جىم تۇرالمايمىز. زىرائەتلىرىمىزنى شۇنچە ئۇزۇنغىچە سۇغۇرالمىساق، قۇرۇپ كەتمەمدۇ؟ بىز جۇڭگو پۇخراسى سىز ئادالەتتە چىڭ تۇرۇپ بىزگە مەدەت بېرىشىڭىز كېرەك!" دەپ تەلەپ قويىدى. كېرىيە ئامبىلى بۇ ئەھۋالنى خوتەنگە مەلۇم قىلدى. خوتەن ئامبىلى تاڭيۈنجۈڭمۇ ئوخشاشلا قورقۇنچاقلىق قىلىپ، دېلىل ئىسپات تولۇق ئەمەس دەپ بانا كۆرسۈتۈپ بىر تەرەپ قىلمىدى. سېيىت ھاجى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن چىرىغا قايتىپ كېلىپ ھەيۋىسىنى كۆرسۈتۈش ئۈچۈن مەھەللىگە كىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ غالچىلىرى 3 پاي ئوق ئېتىپ ئۇزىنىڭ غەلىبە قىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

چاررۇسىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان. دەرۋازا ئالدىدا قوراللىق پوست قويۇلغان ئابلىز قارىنىڭ ھويلىسىغا جۇڭگولۇقلار كىرەلمەيتتى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سېيىت ھاجى ئۆزىنىڭ دەخلى تەئەررۇزغا ئۇچرىمايدىغان پەۋقۇلئاددە ھوقۇقىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، سۇ تالاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سۇپۇرگە بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان مەھەممەت سېيىت دورغا بەگنى دەرەخكە ئېسىپ قاتتىق ئۇردى. ئۇلار قەشقەردىكى كونسۇلخانىنىڭ مۇدىئاسى بويىچە، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كېرىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل قىياپەتنى كۆرسۈتۈپ: "جۇڭگو ھالسىزلاندى، مۇسۇلمانلار تىزلىكتە چاررۇسىيىگە بېقىنىپ كۆپلەپ مەنپەئەت كۆرۈشى لازىم. جۇڭگو ئەمەلدارلىرى



تۇسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. باج - خىراج تۆلىمەيسىلەر، سۇ مەسىلىسىدە ئىختىيارى مەنپەتتار بولالايسىلەر!" دىگەندەك ئۇختۇرۇش چىقىرىپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئاھالىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئىچىدىن ماسلاشقان ھالدا چار پادىشاسىنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش سۇيىقەستىنى قەدەممۇ - قەدەم ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى.

چاررۇسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق گېنېرالى باۋۇلوۋ، «قەشقەردىكى كونسۇل سوكوروۋ جۇڭگو زېمىنى بولغان شىنجاڭنى چار پادىشاسىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يۈزلىگەن، مىڭلىغان جۇڭگولۇقلارنى روسىيە پۇخرالىقىغا قوبۇل قىلدى» سوكوروۋ ئەگەر «چار پادىشاسى تەۋەلىكىدىكى شىنجاڭغا گوبېرناتور» بولالىسا، ئۇنىڭ ياردەمچىسى بىرونىسكىمۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ قول چومىقى بولغان سېيىت ھاجىنىڭمۇ يۇقۇرى ئورۇلىشىغا قىل سىغمايدۇ. ئۇ ئۆزمەيلىچە پەرۋاز قىلالايدۇ» دەپ ئىقرار قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېيىت ھاجى تولۇق ئىشەنچ بىلەن چار پادىشاسىنىڭ ۋەزىرلىرىگە ئوخشاش ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، "روسىيە بايرىقى ئېسىلغان ئۆز ھويلىسىدا ئەمىر پەرمان چىقىرىپ يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىغان شاكيۇ - بەگلەرنى بۇيرۇپ، ئۆزىگە خاس قۇللارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ ئاچقان ئىدى......

سۇپۇرگە خوتەنگە سۇنغان ئەرزىدىن نەتىجە چىقمىغان بولسىمۇ، قىلچە بوشاشمىدى. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن 17 كىشى بىرلىكتە قول قويۇپ ئەرز يېزىپ قەشقەرگە بېرىپ دەۋالاشقىلى تەييارلىق كوردى، دەل شۇچاغدا شىنجاڭدا شىنخەي

ئىنقىلاۋى پارتلىدى. 1912 - يىلنىڭ بېشىدا ئىلىدا قوزغولاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەردە گېلاۋ - خۇي تەشكىلاتىنى ئاساسى كۈچ قىلغان ئىنقىلاۋى پارتىيە ئەزالىرى جەنۇبى شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ يالغۇز مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپلا قالماستىن، چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنىمۇ قاتتىق چەكلىدى، چىرا خەلقىنىڭ ئادالەتلىك كۈرەشلىرىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن قەشقەر تەرەپ، يەركەندە تۇرۇشلۇق، تەشكىلات باشلىقى شۈن گاۋشىڭنى خوتەنگە ئەۋەتتى. شۈن گاۋشىڭ، سېيىت ھاجىنىڭ چىرىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى، ئەمەلىيەتتە چاررۇسىيە كونسۇلى ئارقا تىرەك بولۇپ باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەگەر چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى چەكلەش ئۈچۈن سېيىت ھاجىنىڭ غالجىرانە ھەركەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشۈنەتتى. 6 - ئايدا شۈن گاۋشىڭ خوتەنگە كېلىپ سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئەرز - ئەھۋالىنى تەپسىلى ئاڭلاپ 5 نەپەر ئەسكەر قوشۇپ دەۋاگەرلەرگە قوشۇپ چىرىيىگە ئەھۋال ئىگەللەشكە ئەۋەتتى، ئۆزى 1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 30 نەچچە ئەسكىرىنى باشلاپ چىرىغا بېرىپ خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. سۇپۇرگە ئاخۇن، شۈن گاۋشىڭنى روزى بەگنىڭ سارىيى بىلەن گەندەن دەپ ئاتىلىدىغان ئۇلاقچىلار سارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۈن گاۋشىڭنىڭ كېلىشى چىرا خەلقىغە غايەت زور مەدەت بولدى. شۇ چاغلاردا مۇنداق بىر قوشاق پەيدا بولغان ئىدى:

ئاق قۇچقاچ، قارا قۇچقاچ



چار بۇغدايغا تويدۇڭمۇ
ئەنجان پۇخراسى بولۇپ
سېيىت ھاجىغا تويدۇڭمۇ؟

سېيىت ھاجى ئاغمىقىغا
تاسقىغان قوناق توكتى
سېيىت ھاجى ئۆيلىرىگە
نەقشە ئويۇپ گۈل چەكتى.....

چىرىغا كەلگەن زومىگەر،
ئەسكىلىكنى كۆپ قىلدى
ھەممە ئادەم بىرلىشىپ
سېيىت ھاجىنى گۇم قىلدى.

چىرا خەلقى قوزغالدى. بىر مەزگىل ئامىنىڭ جاسارىتى ئۇرۇلگەندە ئادەتتە سېيىت ھاجىغا ئەگىشىپ قول - چوماق بولغانلار بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆزىنى قاچۇردى. بەزەنلىرى ئۆز ئۆيىدە يالغان كېسەل بولۇپ يېتىۋالدى، بەزەنلىرى ئۆزىنى چەتكە تارتىپ قۇتۇلماقچى بولدى، بەزەن تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن سېيىت ھاجىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلارمۇ پۇشايمان قىلىشتى. شۈن گاۋشىڭ 3 كۈن ئىچىدە ئەھۋالنى تولۇق ئىگەللىگەندىن كېيىن توغراق ئېغىللىق روزى دوغبەگنى سېيىت ھاجى بىلەن سوزلۇشۇشكە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە ئىقرار قىلىپ ئىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى، سېيىت ھاجى تاغدەك يۆلەنگى بولغاشقا شۈن گاۋشىڭنى كۆزگە ئىلمىدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا چار پادىشاسى كونسۇلخانىسىنى قوغدايمىز
دەپ قەشقەرگە مىڭدىن ئارتۇق كازاك ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ
دىگەن خەۋەر كىلىۋىدى، سىيىت ھاجى تېخىمۇ ھاكاۋۇر-
لىشىۋالدى. شۇڭا ئۇ كەلگەن ئادەمنى دۇمبالاپ
قايتۇرۇڭلار دەپ بۇيرىدى. ھەمدە چارروسىيە كونسۇل-
خانىسى ھەر خىل يېڭى قوراللارنى بەردى، شۇن گاۋشىڭ
بىلەن سۇپۇرگىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىمەن دەپ لاپ ئۇرغىلى
تۇردى.

سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق بىر توپ ئاممە شۇن گاۋ-
شىڭغا، سىيىت ھاجىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى غەزەپ بىلەن
شىكايەت قىلىپ، بۇ ئەبلەخنى چىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى
"خارجى كىشىلەر"نىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تېرىتورىيىسىدە زومىگەر-
لىك قىلىشىغا يول قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى. قان تۆكۈ-
لۈشتىن، ئىش ئۇلغىيىپ خارجى مۇناسىۋەتتە تالاش-تار-
تىش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇن گاۋشىڭ
خوتەنلىك يۇسۇپبەك قاتارلىق 5 كىشىنى سىيىت ھاجى
بىلەن سۆزلۈشۈشكە ئەۋەتسە، سىيىت ھاجى يەنىلا رەت
قىلدى. چارروسىيىنىڭ مالىيە ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى
چۈشەنسىمۇ لىكىن قەشقەردىكى كونسۇلخانىنىڭ ياردىمىنى
كۈتكەندىن تاشقىرى يەنە بىر تەرەپتىن تەييارلىق كۆردى.
گەرچە ئۇ يېڭى تىپتىكى نۇرغۇن قوراللار بار دەپ لاپ
ئۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نەچچە تال كونا مىلتىققا ئىگە ئىكەن-
لىكىنى چۈشۈنىدىغان سىيىت ھاجى ئادەملىرىگە بۇيرۇپ
ئۆيىنىڭ چۆرىسىگە ۋاختى كەلگەندە قورال ئورنىدا ئىشلەت-
كىلى بولىدۇ دەپ تاش توپلاتتى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۈمەدە مۇسۇلمانلارنىڭ



توپلىنىدىغان كۈنى بولغاشقا سىيىت ھاجى باغاق چىقىرىپ
چىرا، گۈلاخما، دامىكودىكى يۈزدەك ئەنجان پۇخرالىرىنى
ئابلىز قارىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. بۇ ئارقىلىق ئۇ، ئۆز
ھەيۋىسىنى كۆرسۈتۈش، كۈچ توپلاش، ئۆي-ماكانىنى قوغداشنى
مەخسەت قىلغان ئىدى. مەكتەپتىكى 12 نەپەر تالىپ بىلەن
بىر ئاخۇننى كىچىك بىر ئۆيگە سولاپ قۇرئان ئوقۇشقا
قويدى. ۋە دۇئا قىلىپ سىيىت ھاجىغا تەڭرىدىن نۇسرەت
تىلىدى.

قانچە قېتىم سوھبەتكە ئەۋەتكەن ئادەملەر سىيىت
ھاجى تەرىپىدىن رەت قىلىپ تاياق يەپ قايتىپ كەلگەندە
شۇن گاۋشىڭ ئۆزى: ئەسكەر باشلاپ بېرىپ سوھبەتلەشمەك-
چى بولدى. ئاللىقاچان غەزەپكە كەلگەن چىرا ۋە گۈلاخمىدىن
كەلگەن 500 دىن ئارتۇق خەلق شۇن گاۋشىڭنىڭ ئەسكەر
باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزلىگىدىن كالتەك-چوماق
كەتمەن پالتا كۆتۈرۈپ شۇن گاۋشىڭغا ئەگىشىپ ئابلىز
قارىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ سىيىت ھاجىنىڭ جاۋاپ
بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

سىيىت ھاجى ئىگىز تاملىق ھويلا ئىچىدە تۇرۇپ شۇن-
گاۋشىڭنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆز مېھمانلىرى
بىلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ ئاش-غىزا يەپ ئولتۇرۇشتى.
ئۇنىڭ بۇنداق ھاكاۋۇرلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزەپلەنگەن
كەڭ ئاممە ھويلىنى قورشىۋالدى، بۇ چاغدا ئاممىنىڭ
غەزىۋى ئۇرلەپ تېگىپلا كەتسە پارتلاپ كېتىدىغان دەرى-
جىگە يەتكەن ئىدى. شۇن گاۋشىڭ ئىككىلىنىپ، پارتلاش
ھالىتىگە يەتكەن كەسكىن ۋەزىيەتنىڭ ئاقىۋىتى قانداق
بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، مۇھىم بىر ئىش بىلەن كىرىيىسگە بېرىپ

كېلەي دەپ كەسكىن ۋەزىيەتنى پەسەيتمەكچى بولدى. بىراق بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت راۋاجلىنىپ ئاممىۋى كۆرەش ئېقىمىغا ئايلانغانلىقتىن ئىككى يانغا قاراشقا مۇمكىن بولمىدى. دەل شۇ چاغدا سېيىت ھاجى قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ ئۆز غالچىسى قوۋاننىيازغا بۇيرۇق قىلىپ دەرۋازا ئالدىدا سوزلەشكىلى كەلگەن جۇشۇتالىڭ (بۇ ئەسكەر شۇن گاۋشىڭنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى) نى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر غالچىسى قىلىچ بىلەن ئىسلام دېگەن دېخاننى چېپىپ قويدى. بۇنى كورگەن ئاممىنىڭ غەزىۋى يانار تاغدەك كوتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە سېيىت ھاجى بىر نەچچە ئادەمنى ئېتىپلا ئاممىنى تارقىتىۋېتىپ چىرىدا داۋاملىق زوراۋانلىق يۈرگۈزالايمەن دەپ ئويلاپ، جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ ئولۇمدىن قورقمايدىغان روھىنى چۈشەنمىگەن ئىدى. ئاممە بىردىنلا چۇقان سېلىپ سېيىت ھاجىنىڭ قارا ئۇۋىسىغا ھۇجۇم قىلدى. سېيىت ھاجى بەزەن ئادەملەرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ چوڭ - كىچىك ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىگە قۇلۇپ سېلىپ ئاخىرىغىچە جان تالاشماقچى بولدى، سۇپۇرگە باشلامچىلىق قىلغان ئاممىا بېشىغا بىر پارچىدىن قىزىل لاتا چېگىپ قولىغا كالتەك، كەتمەن، نەيزە، پالتا ئېلىپ ئولەتىرلىشىگە قارىماي بۇ قارا ئۇۋىنى تىرە - ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولدى. بىراق تام ئېگىز بولغانىنىڭ ئۈستىگە سېيىت ھاجى ئۆز ئادەملىرىنى قارشىلىق كورسۇتۇشكە مەجبۇرلىغانلىقتىن بىر مەزگىل بوسۇپ كىرەلمىدى. كەچ كىرىپ قالاي دەۋاتاتتى. كىشىلەر ھەرقانچە تىت - تىت بولسىمۇ، ئامالسىز قالغان ئىدى. شون گاۋشىڭنىڭ ئۇرۇش تەجرىبىسى بولغاشقا



ئادەملەرنى بۇيرۇپ قوناق شېخى ۋە كەندىر غولى ئەكەلدۈرۈپ، ئابلىز قارىنىڭ ئادەتتە يېپەك كارخانىسىدا ئىشلىتىشكە توپلىۋالغان ئوتۇنلىرىغا ئوت قويىۋەتتى. كوزنى يۇمۇپ ئېچىش ئارىلىغىدا بۇ جىنايەت ئۇۋىسى ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى. ھويلىدىكىلەر ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ ئوز جېنىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. بەزەنلىرى دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن دەرەخلەرمۇ كۆيۈشكە باشلىدى. كۆيۈپ ئولگەنلەر ئۇرۇپ ئولتۈرگەنلەرمۇ بولدى. قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان تالىپلاردىن ئاران بىرسى قۇتۇلۇپ چىقتى. قالغانلىرى كۆيۈپ تۈگەشتى. شۇ چاغدا ئۆلۈمدىن قېچىپ چىققان ئابدۇل ئىتەك دېگەن ئادەم ھازىرمۇ ھايات بار. چىرا دۈڭفاڭخۇڭ گۇڭشې 10 - دادۈي 2 - شياۋدۈي ئەزاسى. بۇ يىل 84 ياشقا كىرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە شۇ كۈنى ئۇ تەرەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئارقا ھويلىغا چىقىپ تاشقىرىدىكى شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلاپ بىر ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ چىققان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا شۇ كۈنى كويۇپ ۋە ئېتىلىپ ئولگەنلەر 31 كىشى (تالىپلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ھويلىدا يەنە 2 - 3 قازاندا ئېغىز تەگمىگەن پولو قالغان ئىكەن.

ئىككى تەرەپ ئارىلاش جەڭ قىلىۋاتقاندا مەككار سېيىت ھاجى ھويلا ئىچىدىكى ئادەملەر قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ھەممە ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىۋېتىپ ئوزى گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىتتا ئايالچە ياسىنىپ جەنۇبى تام تەرەپتىكى ئالدىن ئېچىپ قويغان كامارىدىن قېچىپ كەتكەن. شۇن گاۋشىڭ ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئاياللارغا دەخلى قىل

ماڭلار دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىدى. ئۇ ئارقا ھويلىدىكى قاشادىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھوشۇر سوقىچەك دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن مۆكۈنۈپ يېتىپ، ۋەزىيەت ئازىراق بېسىلغاندا كالىغا مىنىپ جاڭگالدا ئۇنىڭ ئېتىنى باقىدىغان مەت سىيىت پاششاپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەچ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاتقا مىنىپ ئادەتتە كىشىلەر ئاز ماڭىدىغان ئوغرى يول بىلەن ئىگىسىنى ئىزدىگەن ئىتتەك، سوكۇلداپ 7-كۈنى قەشقەرگە يېتىپ چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ ھەممە ئەھۋالنى دوكلات قىلغان.

خەقنىڭ ئەيتىشلىرىغا قارىغاندا سىيىت ھاجى قېچىش ۋاقتىدا بىر تال قىزىل قەلەم بىلەن بىر كوبلىت شېئىرنى يېقىن ئادىمى ئىدىرىسقا قالدۇرۇپ كەتكەن. شېئىرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

قىزىل قەلەم مەيدە يانچۇقتا،
بەلگەم قالپاق چورىسىدە.
بىز ئۆلمىدۇق يەنە كۆرۈشىمىز،
كورۈشىمىز موسكۋادىكى مەجلىستە.

بۇ شېئىر ئۇنىڭ ياۋۇز نىيىتىدىن يانماي يەنە شۇ چارروسىيە ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت كورسۈتۈدىغانلىقىنى كورسۈتىدۇ.

ئەمما ئۇنىڭ بۇ شېئىردىن خىيالى ئەمەلگە ئاشقىنى يوق، چىرا ۋەقەسى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدا تۇرۇشقا مۇمكىن بولماي ئەنجانغا قايتىپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تولا ئەسكىلىك قىلغانلىقتىن باشقىلار



تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

6-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى ۋەقە پارتلىغاندىن كېيىن، ئاما سىيىت ھاجىنى تاپالماي تارقىلىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى. شۇن گاۋشىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بۇ يەردە 5 كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ھويلىغا تىۋىۋلغان ئۇتتا يارىلانغان ئابلىز قارى ۋە بىر نەچچە تول چوماقلىرى مۇز گەمىسىگە مۆكۈۋالغان ئىكەن. نەچچە كۈندىن كېيىن ئاما ئىشىك دەرىزىلەرنى چېقىپ كىرىپ ئۇلارنى تېپىپ چىقتى. بازاردا سازايى قىلىپ ئاخىرى ئاما كالتەكلەپ ئۆلتۈردى.

18 كۈندىن كېيىن جۇشۇتاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قوۋانسيازنى چولدىن تۇتۇپ كېلىپ ئابلىز قارىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلدى.

بىر ئايدىن كېيىن سىيىت ھاجىنى قويۇۋەتكەن ھوشۇر سوقىچەكنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ سامان تاغىرىغا قاچىلاپ كالتەككە ئېلىپ كوتۇرۇپ بازاردا سازايى قىلدى. توختى بەگ دېگەن كىشى تىلىگەنلىكتىن ئۆلتۈرمىدى. سىيىت ھاجىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىگىگە گۇۋا ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ئۇنى قالدۇردى.

شۇ كۈنى سىيىت ھاجىغا ئەگىشىپ ئەسكى ئىش قىلغان ئىدىرىس قۇچقاچقا ئوخشاشلار بىر-بىرلەپ قېچىپ يوقالدى. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىگى نامەلۇم......

## سوتتا

1912-يىلى 7-ئايلاردا چىرا ۋەقەسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پېتىر بوروگ (ھازىرقى لېنىنگىراد) قا ئاڭلىنىپ، چارروسىيە گېزىتلىرىدا پاكىت بۇرمىلانغان خەۋەر ما-

قاللار چىقىشقا باشلىدى. يۈزدىن ئارتۇق ئاق كۆڭۈل بىگۇنا
رۇسىيە مۇھاجىرلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەھشىيانە ھەر-
كەتلىرى ئارقىسىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى دىدى. جاھان-
گىرلارنىڭ تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ جارسىلىشى نەتىجىسىدە
ئانچە مەشھۇر بولمىغان كىچىك يۇرت، بىر مەزگىل خەلقارا
ئاخباراتلىرىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بۇ ئىشقا روسىيە
بىلەن ئەنگلىيە كوپرەك كوڭۇل بولدى. ئەنگلىيە كونسۇلى
ماكىنىەن بىلەن روسىيە كونسۇلى سوكوروۋ كىشىلەر ئەڭ
دىققەت قىلىدىغان ئەرباپلاردىن بولۇپ قالدى. "شىنجاڭ گو-
بېرناتۇرلىغى" نى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاۋاتقان سوكوروۋ
ۋەقە پەيدا بولغاندىن كېيىن ھاۋا گۈلدۈرلىتىپ چاقماقتەك
ھەركەت قىلدى. شۇ ئانلا روسىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق
كونسۇلى ئارقىلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ
ھەر خىل يولسىز تەلەپلەرنى قويدى. ۋەقە توغدۇرغان "قاتىل-
لار" غا چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئۇنداق قىلىنمىسا،
ئەسكىرى كۈچ ئىشلىتىپ چىرا كەنتىنى باستۇرۇپ تاش-
لايمىز دىدى. شۇ ۋاقىتتا بېيجىڭدا ھاكىمىيەتنى قولغا كىر-
گۈزىۋالغان ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى ئاڭ-
لاپ قورقۇپ ھۈركۈپ كەتتى. ئەمما چىرا خەلقىنىڭ ھەققا-
نى ھەركەتلىرى، جەنۇبى شىنجاڭدىكى كەڭ ئاممىنىڭ كۆ-
رەش غايىسىنى غايەت زور دەرىجىدە رىغبەتلەندۈردى.
گوما، يەكەندىكى خەلقلەر تەرەپ-تەرەپتىن، چاروسىيىنىڭ
تاجاۋۇزچى قول-چوماقلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش-
نى تەلەپ قىلدى. شۇن گاۋشىڭ خوتەنگە قايتىپ كېلىپ
ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئومۇمى جەريانىنى تولۇق سوزلەپ
مەردانىلىق بىلەن ھەقلىق يوسۇندا بارلىق مەسئۇلىيەتنى



ئوز ئۇستۇمگە ئالىمەن دىدى. كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى
شۇكى: جەنۇبى شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى كەيپىياتى
مىسلىسىز يۇقۇرى كوتۇرۇلگەن بىر پەيتتە ئەكسىيەتچى
يۈەن شىكەي ھوكۇمىتى چارروسىيىگە ياخشىچاق بولۇش
ئۇچۇن، چارروسىيىنىڭ بېسىمىغا تېز پۈكۈپ شىنجاڭ ئەمرى
ياڭ زېڭشىنغا تېزلىكتە تەكشۇرۇپ "گۇناكارلار" نى جازا-
لاشقا بۇيرۇق قىلدى. چارروسىيە ھوكۇمىتى ئوتتۇرىغا قويغان
يولسىز تەلەپلەرگە بىر-بىرلەپ يول قويدى. شۇ يىلى
8-ئايدا قەشقەر ھوكۇمەت دائىرىلىرى رۇسىيە كونسۇل-
خانىسىغا، مەزكۇر ئەنزىنى تەكشۇرۇپ ئېنىقلاپ خوتەن ۋا-
لىسى تاڭ يۇڭجۇڭ بىلەن كىرىيە ئامبىلى شىن يۇڭچىڭ
ئىككىسىنى خىزمەتتىن بوشاتتۇق. شۇن گاۋشىڭ بىلەن ئۇنىڭ
ياردەمچىسى جاۋ داشىڭنى قاماققا ئالدۇق دەپ ئوختۇرۇش
قىلدى. 9-ئايدا چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مائاۋىن
كونسۇلى بىرونسكى بىزنىڭ ھوكۇمەت دائىرىلىرىنى كوزگە
ئىلماي سىيىت ھاجى يېزىپ بەرگەن «گۇناكارلار» ئىسىم-
لىگى بويىچە، 20 دىن ئارتۇق كازاك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
چىرىغا كېلىپ، جىنايى پاكىتلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ساختا
ماتېرىيال ياساپ سۇپۇرگە قاتارلىق زور تۇركۇمدىكى ئىنقىلاۋى
ئاممىنى قولغا ئالدى ۋە ئىنتىقام ئالدى. سىيىت ھاجىغا قارشى
چىققان ئاممىنى ئۇرۇپ جازالىدى، ھەتتا يەرلىك ئاشلىق
ئامبىرىنى ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋەتتى. قىسمەن "ئەنجانلىقلار"
نىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇندىدى. 10-ئايدا كىرىيە ناھىيىلىك
ھوكۇمەتنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا سۇپۇرگە باشلىق 1-
دەرىجىلىك "گۇناكار" لاردىن 67 نەپەر؛ قاسىم باشلىق 2-دە-
رىجىلىك "گۇناكار" لاردىن 75 نەپەر؛ ئابدۇكېرىم باشلىق

3 ـ دەرىجىلىك "گۇناكار" لاردىن 54 نەپەر 178 نەپەر ئادەمنى
سوراق قىلىش ئۇچۇن قەشقەرگە ھايداپ ماڭدى. بىر
ئادەمگە بىردىن ئات 4 سەردىن تەڭگە يول خىراجىتى
بەردى. شۇ ۋاقىتتا ئەگىشىپ قەشقەرگە بارغان داۋۇت
چارچى (ھازىر چىرا دۆڭقاغىخۇلۇك گۈڭشې 13 ـ دادۇي
ئەزاسى) نىڭ ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندا بۇ ئادەملەر لوپ
ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە خەقلەر ھەر بىرسىگە 5 سەردىن تەڭگە
بېرىپ ئاتلىرىنى يەڭگۈشلەپ بەرگەن. خوتەن ئامبىلى ئۇلارنىڭ
ھەربىرىگە 10 سەردىن تەڭگە، بىردىن ئۇچۇلۇق (چوم ياكى
توقۇم) بەرگەن؛ قارىقاشتا ھەربىرىگە 8 سەردىن تەڭگە؛ قارغ-
لىقتا ھەر بىرسىگە 10 سەردىن تەڭگە بېرىپ؛ ئاتلىرىنى يەڭگۈش-
لەپ بەرگەن؛ يەركەندىمۇ ھەربىرسىگە 21 سەردىن تەڭگە بې-
رىپ ئاتلىرىنى يەڭگۈشلەپ بەرگەن. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن
ھەر بىرسىگە 6 سەردىن تەڭگە بەرگەندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ
تۇرمۇش خىراجىتىنى كوتەرگەن. پوتكۇل سوراق جەريانىدا
چىرا خەلقى، توختى بەگ قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەك توپلاپ
ئۇلارغا مەدەت بەردى. ئەنجانلىق سودىگەر مۇسا جان
ھاجىمۇ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ ھەر بىر ئادەمگە بىر
بولاقتىن قەن بەرگەن. ئىسكىلىيېنىنىڭ:" ماجىنىيە قەش-
قەردە" قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شۇ
ۋاقىتتىكى چاررۇسىيىنىڭ خالىغانچە قىلىۋاتقان ئەسكىلىك-
لىرى، ئەنگلىيە كونسۇلى ماجىنىيەنى خاتىرجەمسىزلەن-
دۈرگەن. ئۇچىغا چىققان مەككار ماجىنىيە چاندۇرماستىن
ئۆزىنى بۇ ئىشنىڭ سىرتىدا تۇرغان قىلىپ كورسەتسىمۇ
ئەمەلىيەتتە ئاستىرتتىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت



قىلىپ شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش كورۇپ ئىككى
تەرەپكە ياخشىچاق بولدى. ئەنگلىيە ھوكۇمىتى دەل شۇ
ۋاقىتتا ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ رايونىنى يوتۇۋېلىشقا ئالدىرايت-
تى. شۇڭا روسىيە بىلەن يوشۇرۇن كېلىشىم تۈزۈپ ئۇنىڭ
شىنجاڭدىكى ھەركەتلىرىگە سۈكۈت قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇ-
زۇندىن شىنجاڭغا كوز تىكىپ كېلىۋاتقان كونا ماركىلىق
ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى، قاراپ تۇرۇپ چاررۇسىيىنىڭ
شىنجاڭنى يالغۇز ئىگەللەپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ماجىنىيە
جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئويغۇنۇۋاتقان كو-
رەش ۋەزىيىتىنى كورۇپ غەم قىلاتتى. ئۇ بىر تەرەپ-
تىن جىددى چارىلارنى كورسۇتۇپ شۇن گاۋشىنىڭ بىلەن
سوپۇرگە قاتارلىق رەھبىرى خادىملارنى قولغا ئېلىش توغ-
رىسىدا پىكىر قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن سوكوروۋ قىلماق-
چى بولغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى.
بەزىدە ئۇ "شىنجاڭغا گوبېر ناتۇر" بولۇشنى پىلانلاۋاتقان
سوكوروۋقا ئېقىل كورسەتسە يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگو
تەرەپ ئەمەلدارلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ بۇ ئەن-
زىنى دوتەيىنىڭ ئوز ئالدىغا سوراق قىلىپ دولەتنىڭ
مۇستەقىللىغى ۋە ئىززىتىنى ساقلاپ قېلىشقا پىكىر بېرىپ
"كونا دوس"لۇق سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ھوقۇق
مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقاندەك قىياپەتنى كورسەتتى.
ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا بۇ بىر
پارچە لوق گوشنى يەپ يوتۇۋېتىش توغرىسىدا ھەر
قايسىنىڭ ئوز ئالدىغا نەپسى ئاۋارىچىلىغى بار ئىدى.
سوكوروۋ بولسا ئوز ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگوغا ئۇچۇقتىن-
ئوچۇق قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشىنى پائال پىلانلىغۇچى

ياۋۇز ئىدى. بىرونسكى بولسا ھەر قانداق يامانلىقتىن
قول تارتماي، سېيىت ھاجىنىڭ چىرىدا ئويناپ چىققان
پاجىئەلىك درامىسىغا رېژىسورلۇق قىلغان ئىدى. چىرا ۋە-
قەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن سوكوروۋ ئورتىغا چىقىپ
غالجىرلەرچە دوتەيىنىڭ ئۆز ئالدىغا سوراق قىلىشىغا قارشى
چىقتى. ئامال قىلىپ بۇ ئىشنى ۋوجۇتقا چىقمايدىغان قىلى-
ۋېتىپ ئارقىدىن چارروسىيىنىڭ "ئەسكەر" ئەۋەتىپ ئۆزى
سوت قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنى قورال ئىق بېسىۋېلىش غەرەد-
زىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى.

بىرقاتار غۇلغۇلا ۋە مۇزاكىرىلەردىن كېيىن 1913-
يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سوراق رەسمى باشلاندى. قەش-
قەر ۋالىسى ۋە تىتەي ھەم يېڭىشەھەرنىڭ ئامبىلى سوراق-
چى بولدى. روسىيەلىكلەر مەسلىھەتچى بولدى. كونسۇل سو-
كوروۋ 20 نەچچە نەپەر روسىيە پۇقرالىرىنى دەۋاگەر سۈ-
پىتىدە باشلاپ كېلىپ شۇن گاۋشىڭ سۈپۈرگە باشچىلىقى-
دىكى 170 تىن ئارتۇق ئادەمنى ئەيىپكار قىلدى. ھەر
تەرەپتىن ئادەم سانىنى ئالغاندىن كېيىن سوكوروۋ گۇنا-
كارلارنىڭ سۈرىتىنى تارتماقچى بولدى. سۈپۈرگە قىلچە
قورقماستىن، بېشىنى ئاتايىن ئېگىز كۆتىرىپ جاسارەت
بىلەن قاتتىق تۇردى. سوراق ئۈستىدە سۈپۈرگە ۋەقە تۇغۇل-
غاندا سېيىت ھاجىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا ئۆزەم يالغۇز بار-
دىم. قالغانلارنى بىرسىنىمۇ تونۇمايمەن دەپ تۇردى. سو-
راقچىلار چىرا خەلقىنى بىر-بىرلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ
بۇ ئادەم قاتناشتىمۇ؟ دەپ سورىسا، ئاخشىمى قاراڭ-
غۇدا پەرق ئېتالمىدىم. ئۇلار قاتناشتىمۇ-قاتناشمىدىمۇ بىل-
مەيمەن!" دىگەن. سۈپۈرگە سېيىت ھاجىنىڭ چىرىيىدە ئامى-



نى "رۇس پۇخراسى" بولۇشقا مەجبۇر قىلغان زوراۋانلىق-
لىرىنى پۇقرالارنى بوزەك تاپقان جىنايى پاكىتلارنى بىر-
بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئاممە ئوتتۇرىسىدا شىكايەت قى-
لىپ ئادەم ۋە ماددى پاكىتلارنى كۆرسىتىپ بوش كەلمى-
دى. ئەسلىدە ئەيىپكار ھېساپلانغان سۈپۈرگە ھەقىقى دەۋا-
گەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۆكتەملىك قىلىپ سۈپۈرگە ئاخىرى-
غا ئۆلۈم جازاسى بېرىشتە چىڭ تۇرغان سوكوروۋ غەزەپ
بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ: سەندە گۇنا يوقما؟ سەن
بىر مۇنچە ئادەملىرىڭنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ بىزنىڭ ئىم-
پېرىيە گىراژدانلىرىمىزدىن 30 نەچچە كىشىنى ئۇرۇپ ۋە
كويدۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىڭ جىنايەت ئەمەسمۇ؟ — دىدى.
سۈپۈرگە ئاخىرى جاۋاپ بېرىپ: "كونسۇل ئەپەندى. چېرى-
لىقلار جۇڭگو ئادىمى. ئارىمىزدا تالاش-تارتىش بولغان
چاغلاردا ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ
ئىش روسىيە بىلەن مۇناسىۋەتسىز. سىز 30 نەچچە روسىيە
پۇقراسى ئۆلدى دەۋاتىسىز، بۇنى بىز بىلمەيمىز. ئۇنداق
ئىش بولغىنى يوق" — دىدى. سوكورونىڭ يېنىدا تۇرغان
بىر ئادىمى، 30 نەچچە ئادەمنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇپ، بۇ-
لارنىڭ ھەممىسى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى چىرىيىدە زى-
يانكەشلىككە ئۇچرىغان روسىيە پۇقرالىرى. — دىدى. سو-
كوروۋ بۇ پۇرسەتتە سودچىغا پىكىر قىلىپ چىرىيىدىن كەل-
گەن 170 نەچچە ئادەمدىن 30 نەچچىسىنى قان قەرزگە
ئۆدۈل قىلىش كېرەك، دىدى. سۈپۈرگە ئاخىرى كۈلۈپ:
"بىز ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ چىرىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.
مەن چىرىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن،
سىز ئېيتقان ئەنجان پۇقراسى دىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كى-

چىگىدىن تارتىپ چىرايىدا ئۆسكەن. ئۇلار ھېچۋاقىتتا روسسىيە پۇقراسى ئەمەس. ئىشەنمىسىڭىز مەن بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرەي" — دېدى. ئاندىن سوكوروۋنىڭ ئادىمىگە قاراپ:— "سەنمۇ ئەنجانلىق ئەمەس. سېنىڭ داداڭ مەمەت ......"

سوكوروۋ ئەھۋالنىڭ باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا ئاچچىقلىنىپ: "سۇپۇرگە، بۇ مەيدان سېنى سوت قىلىدىغان ئورۇن. سەن يوۋاش بولۇشۇڭ كېرەك. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە سۇپۇرگە تۇرۇۋاتقان توپىلىقتىن سېيىت ھاجى تۇرغان ئۆينىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىمەن. شۇنچە ئۇزۇن ئارىلىقتىن بىزنىڭ پۇقرالىرىمىز تۇرغان جايغا بېسىپ كېلىپ ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ گۇناسى يوق دېسەك بولامدۇ؟" دېدى.

سۇپۇرگە ئاخۇن سوكوروۋقا ھومۇيۇپ، قىلچە قورقماستىن ئۇنىڭ تەھدىتلىرىگە رەددىيە بېرىپ: "سوتنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. سوكوروۋ توپىلىق بىلەن توغراق ئېغىلنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچىسۇن دېگەن پىكىرنى قويدى، ئۆلچەيمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ، ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى 6 كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى مەن بىلىمەن. بۇ ئىككى جاي جۇڭگو زېمىنى، بوسۇپ كىردى-كىرمىدى دېگەن گەپ يوق. سېيىت ھاجى روسسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەن بولغاچقا روسسىيىنىڭ ئەنجان ۋىلايىتىدىن جۇڭگونىڭ چىرا كەنتىگە ئۆسسۈپ كىرىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلدى. مېنىڭچە ئەنجان بىلەن چىرا ئارىلىقىنى ئۆلچەپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇ كېلىپ چىرايىدا جىق يەرلىرىمىزنى، سۇ يوللىرىنى ئىگەللىۋالدى، باج تۆلىمىدى. ئاتا-بوۋىسىدىن چىرايىدا تۇغۇلۇپ-ئۆسكەن كىشىلەرنى



مەجبۇرى روسسىيە پۇقراسى دەپ يېزىۋالدى. ئۇنىمىغان كىشىلەرنى قاتتىق جازالىدى. ئۆز ئالدىغا قورال-ياراق ساقلاپ قاراقچىلارچە بىز جۇڭگولۇقلارنى ئۆلتۈردى. سېيىت ھاجى بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقىرىپ جۇڭگو پۇقراسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. مېنىڭچە ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان كىشى سۇپۇرگە بولماستىن دەل شۇ سېيىت ھاجىنىڭ ئۆزى"، — دېدى.

پاكىت-دەلىللار ئالدىدا ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش مۇمكىن بولمىدى! سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئادالەتلىك شىكايەت سادىسى، سېيىت ھاجىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئىسپاتلاپ سوكوروۋقا ئوخشاشلارنى ئېغىز ئاچتۇرمىدى. سوكوروۋنىڭ تىلى تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇ پەقەتلا سوت يىغىنىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: "ئۆز قولۇم بىلەن سوتلايمەن، قاتىللارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىمەن" دەپ پوكىرەتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي كونسۇلخانىدا موكتۇرۇپ قويغان سېيىت ھاجىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يالغان-ياۋىداق بولسىمۇ قەشقەر شەھىرىدە سوز-چوچەك پەيدا قىلدۇرۇپ تۆرلۈك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولدى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى يەنە ئەسكەر كۆپەيتىپ سوتچىلارغا بېسىم ئىشلەتتى. شۇ ۋاقىتتا سوتقا قاتناشقان بىرمۇنچە يەرلىك جۇڭگو ئەمەلدارلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتەك قىزغىن كۆرەشلىرىنىڭ رىغبىتى، سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ كۆرەش روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا مەلۇم دەرىجىدە كەڭ ئاممە تەرەپتە تۇرۇپ سېيىت ھاجىنىڭ قىلغان جىنايەتلىرىگە قاتتىق غەزەپلەندى. سوكوروۋ ۋە برونىسكىلارنىڭ يولسىز تەلەپلىرىگە قارشى تۇردى. ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى ياڭ زەنشۈي قەش-

قەرگە ۋالى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، سىيىت ھاجىنى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ كۆرسىتىپ: "ئۇ ئادەتتە ئۆكتەملىك بىلەن خەلقنى ئېزىپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنى روسىيە پۇقراسى بولۇشقا مەجبۇر قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى،" دەپ ئەيىپلىدى.

لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى يۈەن شىكەينىڭ ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ھەربى بېسىمى ئالدىدا تىز پۈكۈپ، چار پادىشاسىنى خۇش قىلىپ ئۇز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ خان بولۇشتىن ئىبارەت شىرىن چۈشلىرىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نومۇسسىزلارچە باش ئېگىپ، ھەق-ناھەقنىڭ قانداقلىغىدىن قەتئىي نەزەر چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرخىل شەرتلىرىگە ماقۇل كېلىپ سۈپۈرگە ئاخۇن، شۇن گاۋشىڭلەرگە 10 يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. خەلق تەرەپتە تۇرغان بىر مۇنچە يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئايرىم ھالدا جازا بەردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆلگۈچلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا تۆلەم ھېساۋىدا 70 مىڭ سەر تەڭگە تۆلىدى. بۇ پۇل چىررىيە خەلقىگە چېچىپ يىغىۋېلىندى. دېمەك بۇنىڭ ئېغىرلىغى يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن.

جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چىررا ۋەقەسى، ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئېگىشى ۋە تەسلىمچىلىگى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، قەيسەر جۇڭگو خەلقلىرى باش ئەككىنى يوق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنى 1914-يىلى شۇن گاۋشىڭ قەشقەردە كەڭ خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىغىغا قارشى يەنە بىر قېتىم كۆرەش قىلدى. سۈپۈرگە



ئاخۇن قاماقتا ياتقاندا چىررا خەلقى داۋاملىق يوقلاپ تۇردى. ئۇ خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇپ قەتئىي تىز پۈكمەستىن داۋاملىق كۆرەش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. كېيىن ئۇ يەرلىك خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ئارقىسىدا قاماقتىن چىقىپ چىررىيەگە بارغاندىن كېيىن داۋاملىق ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ قارا كۈچلىرىگە قارشى ئېگىلمەستىن كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى.

# چىرا ناھىيىسىدە ئۆتكەن سېيىت ھاجى ۋەقەسى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابدۇغېنى دامۇللا ھاجى

ناھىيىمىزدە 1912-يىلى چار روسسىيە جاسۇسى سېيىت ھاجىغا قارشى بولۇنغان كۈرەش تارىختا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى. 1912-يىلى (ھىجرىيە 1332-يىلى) چار پادىشاسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى سوگكوروۋ دىگەنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دىنى تونىغا ئورۇنىۋالغان سېيىت ھاجى، ھاپىز قارى، دىگەنلەر كارۋانلار بىلەن ساندۇقلارغا قاچىلانغان نۇرغۇن ماللارنى توگىگە كىرا قىلىپ چىرىغا كېلىپ ئابلىز قارى دىگەنىنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشتى. ئابلىز قارى ھەم دىنى تونىغا ئورۇنىۋالغان سودىگەر بولۇپ ئۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى چىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. يەر-زېمىن ئېلىپ باي بولغان ئىدى. چىرىدا مەستۇرىخان ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن، ھەشەمەتلىك ئۆي-ئىمارەت سالدۇرۇپ يىپەكچىلىك، ئەتلەسچىلىك ۋە مەشۇتچىلىك قىلغان ئىدى.

شۇ يىللاردا جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلاۋى پارتلاپ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ فېئودال خانلىق ھوكۇمرانلىقىنى



ئاغدۇرۇپ تاشلاپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ئىدى. جۇڭگودا مەنچىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بۇ پۇرسەتتە ئاق پاشا (چار روسسىيە پادىشاسى) مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدىكى خاقان پۇخرالىرىنى روسسىيە پۇقرالىرىغا يەنى ئەنجان پۇقرالىقىغا ئۆتكۈزۈپ ئىشنى گۇۋانامە تارقىتىشتىن باشلاش ئۈچۈن قەشقەردە تۇرۇشلۇق چارروسسىيە كونسۇلى سوگكوروۋ پىلانلىق يوسۇندا چىرىغا سېيىت ھاجى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىدۇ.

سېيىت ھاجى چىرىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابلىز قارىنىڭ قىزى بۇۋى مەرەمخان (بەزى راۋايەتتە زىلەيخا) بىلەن توي قىلىپ ئابلىز قارىنىڭ ھەشەمەتلىك ئىمارەتلىرىدە ئولتۇرۇپ دەۋر سۈرىدۇ. ئۇلار ئاتا-بالا بىرلىشىپ، خەقلەرنى ئەنجان پۇخرالىقىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەر خىل زورلۇق-زومبولۇقلارنى قىلىپ خەلققە ئالۋاڭ-سېلىقلارنى كۆپلەپ چاچىدۇ. بولۇپمۇ چىرىدا سۇ مەسىلىسىنى كونترول قىلىۋېلىپ دىخانلارغا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. ئەنجان پۇخراسى بولغانلارغا كۆپلەپ سۇ بېرىپ كىشىلەرنى ئەنجان پۇخراسى بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەنجان پۇخرالىقىغا ئۆتۈپ قولىغا گوۋانامە ئالغانلار يەرلىك ھوكومەتكە باج-خىراج تۆلىمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسىمۇ يەرلىك ھوكومەت سوراق قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەنجان پۇخراسى ئېلىشتىكى ئۇسۇلىدا ئەگەر كىمدىكى پۇخرا بولمايمىز دىسە، بىر ئامال قىلىپ بېسىم ئىشلىتىپ قىيىنچىلىق سالغاندىن تاشقىرى، ئۇنداق ئادەملەرگە چەك تاشلاپ، چەك چىققىنى دەپلا مەجبۇرى خىزمەتكە تۇتۇۋېلىپ ھالاك قىلىۋېتەتتى:

مەسىلەن: سېيىت ھاجىنىڭ گوۋانامە تارقىتىشىغا قارشى تۇرغان ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئادەمنى چەك چىقتى دەپ كارۋان خىزمەتچىسى قىلىپ ئەركەشتامغا توگە يېتەكلىتىپ ئاپىرىپ ئەركەشتام يولىدا دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ يېتىم قالغان ئۈچ بالىسىنى ئابدۇللانىڭ ئاتىسى مۇساكام بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇلار يەنە مىچىت - مەدرىسىلەر قۇرۇپ، دىنىي مەكتەپلەر ئېچىپ، سارا - خەتمىلەرنى ئۆتكۈزۈپ خەلقنى ئالداپ قايمۇقتۇراتتى.

لېكىن سوپۇرگە ئاخۇن باشلىق ئامما، سېيىت ھاجى، ئابلىز قارىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان زوراۋانلىقلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا سېيىت ھاجى قاتارلىقلار سوپۇرگە ئاخۇننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەدرىسكە ئاخۇنلۇققا سايلىغاندا، سوپۇرگە ئاخۇن قوبۇل قىلمىغان. چاي زىياپەت، سارا - خەتمىلەرگە بارمىغان. سوپۇرگە ئاخۇن مۇسا بوۋاي، باقى ئاخۇن، قادىر ئاخۇن، ئابدۇللاخۇن دېگەنلەر، سېيىت ھاجى ئۆتكۈزگەن نەزىرلەرنى، خالىس نەزىر ئەمەس، بەلكى ئورۇس گوۋانامىسى تارقىتىش نەزىرىسى دەپ قارشى چىققان، سېيىت ھاجى قاتارلىقلار چىرىدا يەنە جۇڭگو پۇلىغا سودا - سېتىق قىلىشقا يول قويماي دۇكانچى روسول ئىمام ئارقىلىق يۈڭ، تېرە، ئۆچكە قاتارلىق خام ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىشقا خاقان پۇلى ئۆتمەيدۇ. ئاق پاشا پۇلى ئۆتىدۇ دەپ جار سالغان.

سېيىت ھاجى، ئابلىز قارىلار ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن خەلققە ھاشار سېلىپ ئۆز ئۆيىنىڭ چۆرىسىگە سېپىل سوقتۇرغان. جۇڭگو پۇخرالىرى سوپۇرگە ئاخۇن باشچىلىقىدا بىرلىشىپ، سېيىت ھاجى قاتارلىقلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى



كەتسۇن، يۇرتىمىزنى بىكار قىلسۇن. بىز روسىيە پۇخراسى بولمايمىز دەپ شۇ ئار تۇۋلاشقان. بۇ چاغدا بازار بېگى ھەر قانداق كىشى روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەت قىلسا ئۇنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ دەيدىغان قانۇن بار، سىلەر قارشىلىق كورسەتمەڭلار دەپ تۇسقان. بىر دېخان ساتقىلى ئېلىپ كەلگەن يۇڭنى روسىيە دوكىنىغا ساتماي قويغانغا مۇسادىرە قىلىنىۋالغان. بۇ دېخان بار - يوق مۈلكۈم مۇشۇ، رەھىم قىلسىلا بېگىم، بالىلىرىم ئۇششاق دەپ يالۋۇرسىمۇ يۇڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن.

سېيىت ھاجى، ئابلىز قارى دېگەنلەر شۇ كۈنلەردە داۋراڭ سېلىپ، ھازىر چىرىدا خاقان پۇخرالىقىدىن يۈز ئۆرۈپ ئورۇس پۇخراسى بولۇشقا گوۋانامە ئالغانلار 60 پىرسەنگە يەتتى دەپ قەشقەر كونسۇلىغا دوكلات قىلغان. شۇنىڭدەك ئۇلار ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ: ئاق پاشانىڭ كونسۇلى سوككوروۋ ئەپەندىنىڭ ئالاھىدە خادىمى بورىس ئەپەندىدىن يوليورۇق ئالدىم. يوليورۇقتا، جۇڭگودا ھازىر مانجۇ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ پۈتۈن جۇڭگو قالايمىقانلاشتى. ئەمدى بىر گىراژدانلار تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ بۇ يۇرتنى ئورۇسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك دېيىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم بۇ ئىشقا كۈچ چىقىرىشى لازىم. كىمىكى كۈچ چىقارسا يېقىن كەلگۈسىدە چوڭ مەنسەپلەرگە ئىگە بولىدۇ دېگەن.

شۇ كۈنلەردە سوپۇرگە ئاخۇن، ئابلاخۇن دېگەن كىشىلەر قارشى چىقىپ، سېيىت ھاجى قاتارلىقلارنىڭ پىتنە - ئىغۋاسىغا ئالدانماڭلار، رۇس پۇخراسى بولۇشقا ئالغان گوۋانامەڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئەسلىڭلەرگە يېنىڭلار دەيدۇ.

سېيىت ھاجى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن بۇ ئىككى كىشىنى يوقاتماقچى بولىدۇ-دە، ئەركەشتامغا كارۋان ماڭدۇرماقچى بولدۇق، بۇنىڭغا ئىككى نەپەر ئادەم كېرەك دەپ چەك تاشلاش ئىشىنى يۈرگۈزىدۇ. ھاپىز قارى بىر چوگۈنغا بىر-مۇنچە چوكىلارنى قاچىلاپ پۇقرالارغا بىردىن ئالدۇرىدۇ. ئۇچى قىزىل چوكا كىمگە چىقسا شۇ كىشى كارۋانغا خىزمەتچى بولۇپ بارىدۇ دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر ئۇچى قىزىل چوكا رۇس پۇقرالىرىغا چىقىپ قالسا، ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. ئۇلار كارۋان بىلەن بارمايدۇ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇچى قىزىل چوكا ئابلاخۇنغا چىقىپ قالىدۇ. بۇ ئادەم ئۆيدە ئۇششاق بالىلىرىم، قېرى دادام بار دەپ يالۋۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇنۇماي قىزىل چوكا چىقىشمۇ پىشانەڭگە پۈتۈلگەن ئىش. پىشانەڭگە نىمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرگۈلۈك دەپ ئۇنى كارۋانغا خىزمەتچى قىلىپ ئېلىپ ماڭىدۇ. كېيىن كارۋان قايتىپ كەلگەندە سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىقلار ئابلاخۇننى سورىسا، ئەركەشتام يولىدا ئۆلۈپ كەتتى دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

شۇندىن كېيىن يۇرت خەلقى سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ باشلامچىلىقىدا سېيىت ھاجى، ئابلىز قارىلارنىڭ قىلمىش گۇنالىرىنى خوتەن ۋالىيسىغا ئەرز قىلىدۇ. شۇنىڭدەك قېرى-ياش، ئەر-ئايال پۇخرالار قوللىرىغا كەتمەن، تاماق كالتەك ئېلىپ سېيىت ھاجى قاتارلىقلارغا قارشى چىقىدۇ. سېيىت ھاجى قاتارلىقلار كەتسۇن! يۇرتىمىزنى بىكار قىلسۇن! دەپ شۇئار توۋلايدۇ.

بىركېچىسى سېيىت ھاجى، ئابلىز قارىلار بىر قانچە ئادەملىرى بىلەن سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ



كېلىپ ئۇنى تۇتماقچى بولغاندا سۇپۇرگە توگمەننىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسۈتىدۇ ۋە ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ، بەشبۇلاق تەرەپكە چېكىنىدۇ. قومۇلۇقلارنى كېزىپ بەشبۇلاققا يېقىنلاشقاندا، ئىلگىرى سېيىت ھاجىغا ئەسكەر بولۇپ ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كېلىۋالغان جامالىدىن دېگەن ئادەم ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۆز كەپىسىدە ئاش-تاماق بېرىدۇ. دەل بۇچاغدا سېيىت ھاجىنىڭ قاماقخانىسىدىن قاچقان روسول ئىماش، قادىر تومۇرچى دېگەنلەر-يېتىپ كېلىدۇ. بۇلار مەسلەتلىشىپ سېيىت ھاجى ۋە ئابلىز قارىلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى خوتەن ۋالىيسىغا ئەرز قىلىدۇ. خوتەن ۋالىيسى سۇپۇرگە باشلىق كىشىلەرنىڭ ئەرزىنى كۆرۈپ سوراق قىلىشنىڭ ئورنىغا، سۇپۇرگە باشلىق بىر قانچە كىشىنى سولاپ قويىدۇ. بۇ چاغدا سېيىت ھاجى، ھاشىم پاششاپ دېگەن ئادىمىنى ئورغۇن سوغا-سالام بىلەن خوتەن ۋالىيسىغا ئەۋەتىدۇ. ھەمدە سۇپۇرگە باشلىق كىشىلەرنى چىرىغا قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لاۋما ئىسىملىك چىلىمچى، قاماقخانىغا بىر ئامال قىلىپ كىرىپ سۇپۇرگە ئاخۇنغا بۇخەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. ھەمدە سىلەرنى چىرىغا ئېلىپ كېتىمىز دەۋاتىدۇ، چاپسان قېچىڭلار، جىنىڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار دەيدۇ. ئاندىن بۇلار گۇندىپاينىڭ ياردىمى بىلەن قاماقخانىدىن قېچىپ كېچىسى شەھەر سېپىلىدىن سېرىلىپ چۈشۈپ قەشقەر ۋالىيسىغا ئەرز قىلىشقا ماڭىدۇ.

سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق 5 كىشى چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ قەشقەرگە قاراپ ماڭىدۇ. بۇلارنىڭ كەينىدىن خوتەن ۋالىيسىنىڭ چىلىمچىسى لاۋما بىلەن سادىق ئاخۇن دېگەنلەرمۇ يېتىپ بارىدۇ. ئەمما سادىق ئاخۇن سۇپۇرگە

ئاخۇن بىلەن كورۇشۇپ قولىدىكى نەيزە قورالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپلا جان ئۈزىدۇ. ئاندىن ئۇلار كوز يېشى قىلىپ سادىق ئاخۇننى دەپىن قىلىدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇن لاۋما، جالالىدىن، قادىر ئاخۇن، ھىممەت داخان دىگەنلەر چولجەزىرىلەردە قومۇچ يىلىتىزلىرىنى كولاپ يەپ قەشقەرگە قاراپ كېتىۋاتقاندا بىر تۇگە كارۋىنى ئۇچرايدۇ. بۇ كارۋاننىڭ باشلىغى ئاقساقال خۇيزۇ (تۇڭگان) كىشى ئىدى. لاۋما بېرىپ مۇڭداشقاندىن كېيىن كارۋان بېشى ئەھۋالنى بىلىپ ئۇلارنى توگىگە مىندۇرۇپ قەشقەرگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. كارۋان بېشى ئۇلارغا قەشقەر ۋالىسى بىلەن ئۇچرۇشۇش ئۇچۇن ئالدى بىلەن شۇن گاۋشىڭ دىگەن كىشى بىلەن كورۇشۇڭلار، ئۇ كىشى سىلەرگە يول كورسۇتۇپ ياردەم قىلىدۇ دەيدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇنلار قەشقەر شەھرىگە كىرىپ بىر نەچچە كۇندىن كېيىن بىر چايخانىدا شۇن گاۋشىڭ بىلەن ئۇچرۇشۇدۇ ۋە ئۇ ئارقىلىق ئەرز خەتنى قەشقەر ۋالىسىغا توتىدۇ. ۋالى ئۇلارنىڭ ئەرز شىكايىتىنى ئاڭلاپ شۇن گاۋشىڭنى 100 نەپەر ئەسكەر بىلەن چىرىغا ئەۋەتىپ بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولىدۇ. شۇن گاۋشىڭ باشچىلىغىدىكى 100 كىشىلىك قوشۇن 1912-يىلى 6-ئاينىڭ 23-كۇنى چىرىغا يېتىپ كېلىدۇ.

شۇن گاۋشىڭ چىرىغا كېلىپ سېيىت ھاجىغا ئىككى ئادەمنى ئەلچى قىلىپ خەت كىرگۈزىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سېيىت ھاجى، ئابلىز قارى، ھاپىزقارى، ئابدۇراخمان، خاتىپ، ھاشىم پاششاپ باشچىلىغىدا بىر مۇنچە كىشىلەر زىياپەت ئۇستىدە ئىدى. ئەلچىلەر كىرىپ خەت تاپشۇرىدۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى: "بوگۇن چۇشتىن ئىلگىرى قورال تاپشۇرۇڭلار،



شەھەر سىرتىغا چىقىپ خاقان ئەسكەرلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار!" دىگەندىن ئىبارەت ئىدى. سېيىت ھاجى خەتنى قوبۇل كورمەي ئەلچىلەرنىڭ ساقال بۇرۇتلىرىنى چۇشۇرۇپ، ئاتلارنىڭ قۇيرۇغىنى كېسىپ قايتۇرۇدۇ. 6-ئاينىڭ 25-كۇنى ھوجۇم باشلاندى. سۇپۇرگە باشچىلىغىدىكى ئامما كالتەك، چوماق، كەتمەن-تاماق كوتۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. سېيىت ھاجىنىڭ ئوردىسىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇۋاتقان، پەيتتە، سېيىت ھاجى تەرەپتىن ئالدى بىلەن ئوق چىقىرىپ لاۋۋاڭ دىگەن ئەسكەر بىلەن 2 نەپەر پۇخرانى ئېتىپ تاشلايدۇ. خەلق قوزغۇلۇپ، قانغا-قان، جانغا-جان ئالىمىز دەپ ھوجۇم قوزغايدۇ. ئوق ئېتىپ سېپىل ئۇستىدىكى روسىيە بايرىغىنى چۇشۇرۇپ تاشلايدۇ. سېيىت ھاجى تەرەپتىن قاماپ قويۇلغان باقى، مۇسا بوۋاي دىگەنلەر ئىچىدىن ئاتخانىغا ئوت قويىدۇ. شۇن گاۋشىڭ بىر توقۇمنى سۇغا چىلاپ شۇنىڭ دالدىسىدا دەرۋازىغا يېقىنلاپ ئوت قويىدۇ. ئوت يالقۇنى ئاسمان-پەلەككە كوتۇرۇلىدۇ. ئەھۋال ئاشۇنداق جىددىيلەشكەندە سېيىت ھاجى، ئابلىز قارى باشلىق بىر قانچە كىشىلەر ئايالچە ياسىنىپ ئارقا ئىشىكتىن قاچىدۇ. بۇ قاچقۇنلارنى سۇپۇرگە باشلىق ئامما قوغلايدۇ. دەل شۇچاغدا 10 ئاتلىق ئەسكەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قوغلاش توختۇتۇلسۇن! خاننىڭ ئەمرى! دەپ قوغلاشنى چەكلەيدۇ.

شۇ يىللىرى ۋەتەن ساتقۇچ خائىن يۇەن شىكەي تەختكە چىققان ئىدى. يۇەن شىكەي چار روسىيە ھوكومىتىگە تىز پۈكۈپ، چار ھوكومىتىنىڭ چىرا ۋەقەسى توغرىسىدا تاپشۇرغان مەمۇراندۇملىرىنى كورۇپ قويغان تەلەپ-

لىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلدۇ. ھەق-ناھەقنى ئاجراتماستىن چاررۇسىيە ئوتتۇرىغا قويغان يولسىز تەلەپلەر بويىچە ۋەقەدە ئۆلگەن 36 ئادەمگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى خۇن تۆلەيدۇ. گۇنانى سۇپۇرگە ئاخۇن، شۇن گاۋشىڭلارغا ئارتىپ جەمى 17 ئادەمنى قەشقەردە 7 يىل نەزەر بەنت قىلدۇ.

چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوككوروۋ بۇ مەسىلىنى تەكشۈرىمەن دەپ چىرىغا ئۈچ قېتىم كېلىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇ، سېيىت ھاجىنىڭ قورا جايىغا سۇپۇرگە بېسىپ كىرگەن دەپ سۇپۇرگىنىڭ ئۆيىگە گۈڭ سالىمەن (ئۆلچەيمەن مەناسىدا بولسا كېرەك.—ت) دىگەندە، سۇپۇرگە ئاخۇن داۋلى سوزلەپ: مېنىڭ ئۆيۈم جۇڭگو زىمىنى ئىچىدە، سېيىت ھاجى بولسا ئەنجاندىن كەلگەن، گۈڭ سالسىڭىز ئەركەش تامىدىن سىلىڭ دەپ داۋلىدا كونسۇلنى مات قىلدۇ.

سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىقلار قەشقەردە 7 يىل قاماپ قويۇۋېتىلگەن دەيدۇ. بۇ ۋەقە 1912-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن بولۇپ، تاھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا داستان بولۇپ كەلمەكتە. مەن ئۆزەمنىڭ بىلگەنلىرىم بويىچە بۇ تارىخنى قىسقىچە يېزىپ چىقتىم، باشقىلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەسكەرتىش: ئاپتور ئابدۇغېنى داموللا ھاجى، شۇ ۋاقىتتىكى چار ھوكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئىسمىنى سوككوروۋ دەپ ئالغان ئىكەن. بىزمۇ شۇ بويىچە ئالدۇق. خوتەن سىفەن مەكتىۋىنىڭ "چىرا ۋەقەسى" توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتىدا، سوكوروۋ دەپ ئالغان.



# شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى قومۇل قوزغىلىڭى

ئاقنىياز

يېپ خېتۋەن ھەركىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، «شىنچۇ شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى، جۇڭگونى پۈتۈنلەي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. ئىنقىلاۋى ئەنئەنىگە باي جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلىك بىلەن فېئوداللىزمنىڭ ئېزىشىگە چىداپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇ خىل ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئىنقىلاپ ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى. لېكىن ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان تەجرىبە-ساۋاقلىرى جۇڭگو خەلقىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى، ئۇلار ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان دۆلەتنى، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزلەيتتى. ئۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىيىتى دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلق ئاممىسىنى زۇلۇمدىن، ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. مۇنداق ئۇلۇق ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەقەت يېڭى سىنىپنىڭ سىياسى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشىغا باغلىق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا جۇڭگودا ئۇسۇپ يېتىلىۋاتقان "جۇڭگو پرولې-

تارىياتى تېخى ئاجىزلىق، مۇستەقىل سىنىپى كۈچ سۈپىتىدە سىياسى سەھنىگە چىقمىغان ئىدى. ئىنقىلاپقا تېخى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەگەشكۈچىسى سۈپىتىدە قاتناشقان ئىدى"② شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا كىشىلەر ئۇنچىلا ئېتىۋار قىلمىدى. ھەمدە ئىنقىلاپنىڭ يېتەكچىسى ئىكەنلىگىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە سۇن جۇڭسەن باشچىلىغىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپچىلىرى كاڭ يۇۋېي③ لياڭ جىچياۋ④ قاتارلىق بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ سىياسى يېتەكچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئېنىق بولغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى سۇن جۇڭسەندىن باشلاندى.

سۇن جۇڭسەن رەھبەرلىگىدىكى جۇڭگو تۇڭمېڭخۇيى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىنقىلاپ ئوتىنى تۇتاشتۇردى. ھەممە جايدا ئىنقىلاۋى تەشۋىقات، ئىنقىلاۋى تەشكىلاتلارنى قۇردى. قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇنىڭغا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېخىيىلىك كۈرىشى قوشۇلۇپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى قايىنام - تاشقىن ھالەتتىكى بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ھەركىتىگە ئايلاندى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى 3- قېتىملىق ئىنقىلاپ دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى. بۇ دولقۇننىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپچىلىرى 1911 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ خاننىڭ 3- يىلى) 10- ئاي 10- كۈنى ۋۇچاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەربى ھوكۇمەت قۇرۇپ، چىڭ ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ، قانلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. بۇ ئەينى



ۋاقىتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىگى ئۈچۈن ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن ئارقا - ئارقىدىن ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. 1912- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى ھەر قايسى ئۆلكىلەر ۋەكىل سايلاپ نەنجىڭگە ئەۋەتىپ جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىنى قۇرۇپ سۇن جۇڭسەننى رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا مىنىۋالغان 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە فېئودال خاندانلىق تۈزۈمى پاچاقلاندى.

شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭغا تارقالدى. شىنجاڭدىكى بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ھەركىتىنى يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتەردى. ئۇلار ئىنقىلاۋى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى. مەخپى پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىنقىلاۋى تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇردى. شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆز پائالىيەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈۋەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە مىللى زىددىيەت، ئىجتىمائى زىددىيەت ناھايىتى كەسكىن بولۇپ ھەممە يەردە كۈرەش يالقۇنى يېنىپ تۇراتتى. تېگىپ كەتسىلا ئىنقىلاپ پارتلاپ كېتىدىغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلىغى قىل ئۈستىدە قالغان ئىدى. ئۈرۈمچىدە 1909- يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ خانلىقىنىڭ تۇنجى يىلى) 5- ئاينىڭ 26- كۈنى يۈەن داخۇا ئەسكەرلىرى -كسەن- زۇدە سودىگەرلەرنى باستۇرۇش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 7 يۈزدىن ئارتۇق سودىگەرنى ئۆلتۈردى. 1910 - يىلى 8 - ئايلاردا چىڭ ھوكۇمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى قول چوماقى يۈەن

داخۇاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملارنى باستۇرۇش ۋەقەسى شەھەر ئىچىدە نۇرغۇن ئۆي، دۇكانلارنىڭ كۆيۈپ تۈگۈشىگە سەۋەپ بولدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت غەزىنىسىدىن 100 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل ئاجرىتىپ سودىگەرلەرنى قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلدى. بۇ ئىجتىمائىي زىددىيەت ئىجتىمائىي كىرىزىسىنى قوزغىدى. شۇندىن كېيىن بىر كىشى مۇش كوتەرسە باشقىلار قوشۇلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

دەل شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت مىللىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا لىيۇ شەنجوڭ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋى پارتىيە كىشىلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جىددىي تەييارلىق كورۈپ 1911-يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ھەربىي قىسىمنى ۋە ئاممىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كوتەردى. لېكىن ئىنقىلاۋى پارتىيە ئىچىدىن خائىنلار چىقىپ، ھەربىي مەمۇرى مەھكىمىگە "تەسلىم بولۇپ ئىسىملىكنى⑤ سۇندى" پىلاننى قولغا چۈشۈرگەن يۈەن داخۇا بارلىق ئامال چارىلار بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى. 1912-يىلى 1-ئايدا ئىلىدا ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدىكى تۇڭمىڭخۇي قوزغىلاڭ كوتۈرۈپ ئىلىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاھىل قورغىنى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپ، جۇمھۇرىيەت جاكالىدى.

شىنخەي ئىنقىلاۋى غەلىبىسىدىن ئىلھاملانغان قۇمۇل خەلقى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ 1912-يىلى باھار ئايلىرىدا قۇمۇلنىڭ قوراي جىلغىسىدا تۆمۈر خەلپە ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا، يۈەن داخۇا ۋە قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇتنىڭ ئېغىر



فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىسى، باج-سېلىقلىرىغا قارشى ھەيۋەتلىك قوزغىلاڭ كوتۈرۈپ چىقتى.

قۇمۇل خەلقى 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بىر تەرەپتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مەمۇرى-ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق زۇلۇمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر جەھەتتە ۋاڭ گۇڭ ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىلىرىگە ئۇچراپ كەلگەن.

قۇمۇل رايونىدا ئەبەيدۇللا زامانىسىدىن نەزەر ۋاڭ زامانىسىغىچە (جىن شورېن دەۋرىگىچە) 10 غا يېقىن ۋاڭ ئۆتكەن بولۇپ ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىھۇدە ئۇرۇشلىرى، چوڭ-كىچىك غوجىلارنىڭ ھەركىتىنى تىنجىتىش جۇڭغار موڭغۇل ئاقسوڭەكلىرىنىڭ قىرلىش ۋە بۇلگۇنچىلىك ھەركەتلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا چىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدە تۇرۇپ خىزمەت كورسەتكەنلىكى ئۈچۈن 1-دەرىجىلىك جاساقلىق (مىراسخورلۇق قىلىدىغان مەنسەپ ئۇنۋانى) ئۇنۋانى ئالغان. ئىمىن گۇڭ دەۋرىدە شىڭ شىڭشىيادىن ئىچكىرىگە بارىدىغان يولنى ياسىتىپ چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غەربىي رايونغا چىقىشىغا ئاكتىپ كەتمەن چاپقانلىقى ئۈچۈن "گۇڭ" لۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. يۇسۇپ دەۋرىدە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىن مەخسۇس قوشۇن تەشكىللەپ خوجىلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ "ۋاڭ" لىق مەرتىۋىسى بەرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي دەۋرىدە

شامەخسۇت 30 دىن ئارتۇق ھارۋىغا نۇرغۇن مال - مۈلۈك ھەمدە ھەرخىل بۇيۇملارنى ئېلىپ نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن شىنسىتەيخۇنى يوقلاشقا بارغان. شىنسىتەيخۇ شامەخسۇتنى ئوبدان قارشى ئېلىپ كۈتسۇالغان ھەمدە "ھورمەتلىك ۋاڭ" دېگەن مەرتىۋە بەرگەن، شۇنىڭدەك بۇ ۋاڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ھېكىم بېگى قىلىپ تەيىنلەپ باشقۇرۇپ كەلگەن.

قومۇل رايونىنىڭ ئىقتىسادىدا يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. 10%گە يەتمەيدىغان ۋاڭ جەمەتى باشچىلىقىدىكى يەر ئىگىلىرى بارلىق تېرىلغۇ يەرنىڭ 80% دىن كۆپرەكىنى ئىگەللەپ دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىش ئارقىلىق كەڭ ئەمگەكچىلەرنى كۈن كۆچۈرگۈسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. يالغۇز شامەخسۇت ئىگىدارچىلىقىدا 34·200 مو ئەتراپىدا يەر بولۇپ (تۇرپاندا 3000 مو، ئۈرۈمچىدە 150 مو) 100 لىگەن يىللىقچى، ئورتاقچى، ئىجارىكەش دېھقانلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق باشقۇرۇپ كەلگەن بولسا يەنە بىر جەھەتتىن "دارخان⑦" لىق تۈزۈمىدىن كەڭ پايدىلىنىپ نامرات دېھقانلارنىڭ ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتى ئارقىلىق باشقۇرۇپ كەلگەن. شامەخسۇت ئىگىدارچىلىقىدا كەڭ ئۈنۈملۈك يەرلەر بولۇپلا قالماستىن، 16 ئورۇندا (بىرسى تۇرپاندا) ھەرخىل مېۋىلىك باغلىرى بار ئىدى. بۇ باغلاردا ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، گىلاس، چىلان، ياڭاق، جىگدە، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز ئائىلىسىنى قىش - ياز مېۋە بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، قالغانلىرىنى قۇرۇتۇپ ئۈرۈمچى، غۇلجا، لەنجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى سودا سارايلىرى ئارقىلىق سېتىپ بىرقانچە مىڭ سەر ئاق كۈمۈش كىرىم قىلاتتى. ۋاڭ ئوردىسىغا دېھقانلار ھەر يىلى 5000 جىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، 10·000 دانە ياڭاق، 200 دىن چىلان قاتارلىق قۇرۇتۇلغان مېۋە تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بۇ ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن كۈمۈش پۇل كىرىم قىلاتتى.

قومۇل رايونىدا شامەخسۇت ئەڭ چوڭ يەر ئىگىسى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ چوڭ چارۋا ئىگىسى ئىدى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا 200 قوتان چارۋىسى بولۇپ (ھەربىر قوتاندا 500 دىن 1000 غىچە دەپ ھېسابلىغاندا) ئات، كالا، تۆگە قاتارلىق چوڭ چارۋىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 150·000 ئەتراپىدا چارۋىسى بولغان. بۇ چارۋىلار باركۆل ۋە موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى يايلاقلاردا ۋە تاغ جىلغىلىرىدا بېقىلاتتى. مالچىلار قىش - ياز ئۆيلىرىگە قايتالمايتتى. ھەر يىلى ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ماتا ۋە تېرىدىن بىرقۇر كىيىم قىلدۇرۇپ بېرەتتى. يېمەك - ئىچمەكلىرى ئۈچۈن ئارپا - قوناقتىن بىرقانچە كۈرە بېرەتتى.

قومۇل ۋاڭى قومۇلنىڭ بارلىق سودا - سېتىق ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋالغان ئىدى. ھەر يىلى ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، يېزىلاردىكى، بازارلاردىكى خام ئەشيا ماتېرىياللىرى قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، لەنجۇ، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، تاشقى موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەت شەھەرلەر بىلەن سودا - سېتىق ئىشلىرىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەخسۇس سودا - سېتىق ئىشلىرىغا سالغان كاپىتالى 656 مىڭ سەرگە

يېتەتتى. شا مەخسۇت يەنە قومۇلنىڭ شەرقىدە بىر ماي زاۋۇتى قۇرۇپ قومۇلنىڭ مايلىق زىرائەتلىرىنى يىغىپ ھەر يىلى 12000 مىڭ جىڭدىن 15·000 جىڭ ئەتراپىدا ماي ئىشلەپ چىقىرىپ، قومۇلنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، ھەرقايسى جايلاردىكى سودا سارايلىرى ئارقىلىق سېتىپ كوپ پايدا ئالاتتى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىككى چوڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى بولۇپ، پەقەت دېخانلاردىن ئېلىنغان يەر، سۇ بېجى ئارقىلىق يىغىلغان 180,000 دەن ئاشلىق بىلەن تولدۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ يەنە 800 ئېغىزلىق ھەر خىل ئوي - ئىمارەتلىرى بار ئىدى. ئۇرۇمچى، لەنجۇ، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ "ۋاڭ ئوردىسى" سالدۇرغان مەسىلەن بېيجىڭدا 25000 سەر ئاق كومۇش خەشلەپ 6 مۇ يەر ئورنىغا "ۋاڭ ئوردىسى" سالدۇرغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قومۇل رايونىنىڭ يەر، سۇ، يەر بايلىغى، ئورمان، چارۋا، سودا سانائەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئەڭ چوڭ ھوكۇمدار ئىدى. سىياسى مەمۇرى جەھەتتىكى ھوقۇقى چەكسىز ئىدى. ۋاڭ ئولسە بالىسى مىراسخورلۇق قىلاتتى. ۋاڭ قومۇلنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا مىراپ، دوغا، بەگلەرنى بەلگىلەپ خەلق ئاممىسىنى قاتتىق باشقۇراتتى. ۋاڭنىڭ گېپى قانۇن بولۇپ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. خەلق ئاممىسى بىجانىدىل ئىجرا قىلىنىشى شەرت ئىدى.

## (3)

### ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاممىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش



ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرى دەھشەتلىك بولۇپ، ھەرخىل نامدا، باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساق سېلىپ، خەلقنى تولىمۇ قاخشىتاتتى. ۋاڭ ئوردىسىغا ھەر بىر ئائىلە دىخان مو بېشىغا (يەرنىڭ ياخشى - يامانلىغىغا، ھوسۇل ئالغان - ئالمىغانلىغىغا قارىماستىن) بىر كۈرەدىن 2 كۈرەگىچە يەر بېجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر دىخانلار ۋاقتىدا يەر بېجى تاپشۇرۇپ بېرەلمىسە، سولاپ قوياتتى. بەلگىلەنگەن باجنى قاچان تاپشۇرۇپ بولسا، شۇ چاغدا قويۇپ بېرەتتى. مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ھەر يىلى 330,000 دەندىن 500,000 دەن ئەتراپىدا ئاشلىق توپلىناتتى.

قومۇل دىخانلىرى ئەسلى ھەر ئايدا ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن 3 كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ لېكىن شا مەخسۇت دەۋرىدە "دارخان" لىق تۈزۈمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ 5 كۈنگە، كېيىن 7 كۈنگە ئۆزگەرتتى. ئۇندىن باشقا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىرىنى تېرىش، بوز يەر ئېچىش، ياغاچ كېسىش، ئېرىق - ئوستەڭ چېپىش، كومۇركانىدا ئىشلەپ بېرىشتىن تارتىپ ھەممىسى ئالۋاڭ - ياساق ئارقىلىق بولاتتى. مەسىلەن، قومۇلنىڭ ساندۋلىنى دىگەن جايىدا بىر كومۇركان بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىدىن بىر كىشى يېرىم يىل ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ئىشلىگەنلەر قورال - سايمان، يىمەك - ئىچمەكنى ئۆزلىرى تەييارلايتتى. كومۇر كانىنىڭ ئىش شارائىتى ناچار بولۇپ كىشىلەر دائىم خېيىم -خەتەرگە ئۇچراپ ئولۇپ كېتەتتى. 1909 - يىلى بۇ كومۇركاندا 3 قېتىم كان ئورۇلۇپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 82 كىشى ئولۇپ كەتكەن.

ئۇندىن باشقا شا مەخسۇتقا تەۋە 26 كارىز 66 چوڭ-كىچىك ئېرىق-ئۆستەڭ بولۇپ بۇلارنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن دېخانلار باج تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. ھەر يىلى ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش، قۇدۇق كولاش ئۈچۈن بىر قانچە مىڭ دېخاننى ھەيدەپ كېلىپ ئىشلىتەتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا شا مەخسۇت ۋاڭ يۇقۇردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىغا تايانسا، تۇۋەندە شىنجاڭدىكى چىڭ ئەمەلدارى ياڭ زېڭشىندىن ئىبارەت فېودال مىلىتارىست كۇچىگە يۆلىنىپ ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ، ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، خەلقنى قۇل قىلىش جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى غايەت زور تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، سىياسى ھاكىمىيەت بىلەن، ئىلاھى ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ باردى. لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەھشەتلىك مىللى زۇلمى شا مەخسۇتنىڭ ئېزىش ئېكسپىلاتاتسىيىسى جەمئىيەتتىكى كىرىزىسنى چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى.

قومۇل خەلقى ئۆز ئۈستىدىكى زۇلۇمنىڭ تۈگىشىنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغاندا تۆمۈر خەلپە ئۆز يېزىسىدىكى خەلقنى يېتەكلەپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەۋەپ بولغان ۋەقە مۇنداق ئىدى. 1912 - يىلى 3 - ئايلاردا مەنچىڭ ۋە شا مەخسۇتنىڭ ئەمەلدارلىرى قوراي يېزىسىغا نامرات خەلقتىن باج-سېلىق ئېلىشقا كېلىپ، ۋاقتىدا باج تاپشۇرالمىغان دېخانلاردىن 10 قانچە كىشىنى تۇتۇپ باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭىدۇ. بۇنى كۆرگەن خەلقلەر يىغا-زارە قىلىشىدۇ. بەزىلىرى بۇ قانخور ئەمەلدارلارنىڭ زالىملىقىغا چىدىماي، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈ-



رۈپ ئۇچمەنلىكىنى باسالمايدۇ. خەلقنىڭ يىغا-زارىغا چىدىيالمىغان يۈرت موتىۋەرلىرى ئوردىدىن چىققان ئەمەلدارلار ئالدىغا بېرىپ، تۇتۇپ كەتكەنلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ تەلەپلەر زالىم ئەمەلدارلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. قوراي يېزىسىدىن بولغان تۆمۈر خەلپە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاھ-زارىغا زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا چىدىماي 300 گە يېقىن ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باشقا تاغ-جىلغىدىكى خەلقلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ سېپى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ. ھەممە يۇەن داخۇانىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى ئېۋەتىلگەن 500 كىشىلىك قومۇللۇق ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە ئەل قىلىپ ئۆز سېپىنى ئۇلغايتىدۇ، قوراللىرىمۇ كۆپىيىدۇ.

تۆمۈر خەلپە — قوراي جىلغىسىدىن بولۇپ، نامرات ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. كۆپ قېتىم ۋاڭ ئوردىسىغا ھاشاغا تۇتۇلغان كېيىنكى مەزگىلدە ياغاچچىلىق ئالۋىڭىغا تۇتۇلۇپ ئازاپ چەككەن ۋە خورلانغان ئىدى. كېيىن ئۇ، ۋاڭ ئوردىسىدىن مىڭ مۇشەققەتتە قېچىپ، قومۇلدا تۇرالماي ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بىر مەزگىل ئىشلەمچىلىك قىلغان، تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنىڭ قىيىنلىقىدىن يەنە قومۇلغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. بىر قانچە يىللىق سەرسانلىق، سەرگەردانلىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن-بىر يولى زۇلۇمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى بارا-بارا تونۇپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار كۆتۈرۈلۈپ چىققاندىن كېيىن، چىڭ ئەمەلدارلىرى بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتسە، يەنە بىر تە-

رەپتىن ئەمەلدارلار، دىنىي ئۆلىمالارنى ئەۋەتىپ، خىزمەت ئىشلەپ ۋاڭغا، ھوكۇمەتكە قارشى چىقماسلىققا نەسىھەت قىلىدۇ. لېكىن ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ھەممە تەرەپتىن كېلىپ، قوزغىلاڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ سېپى 10,000 كىشىگە يېتىدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەركىتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، شامەخسۇتنىڭ ئوردىسىغا ئېغىر تەھدىت سالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شامەخسۇت ئالدىراپ-تېنەپ ياڭ زېڭشىنغا خەۋەر بېرىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭ ھوكۇمىتىنىڭ بارىكولدىكى ھەربىي ئەمەلدارلىرى يې شىڭفۇغا خەۋەر بېرىپ 2000 سەر ئاق كۈمۈچ پارە بېرىش بەدىلىگە، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كىرىشىدۇ. لېكىن شامەخسۇتنىڭ يې شىڭفۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئەھۋالنى ئارسلان ئىسىملىك تەرجىماندىن (يې شىڭفۇنىڭ تەرجىمانى) جاڭ زېدۇڭ (ئىنقىلاۋى پارتىيە ئادىمى) ئاڭلاپ دەررۇ تۆمۈر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار بىلەن جاڭ زېدۇڭ ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ يې شىڭفۇنىڭ ئەسكەرلىرى ماڭىدىغان كوشۇتىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، زەربە بېرىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزلىكتە ئۆز ئادەملىرىنى رەتلەپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ. بارىكولدىكى چىڭ ئەسكىرى قوماندانى يې شىڭفۇ 130 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئاتلىنىپ، كەچ گۇگۇم مەزگىلىدە جەنۇبىي تاغ ئېغىزىغا كېلىدۇ. پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان تۆمۈر خەلپە قوشۇنلىرى بىلەن جاڭ زېدۇڭ (ئىنقىلاۋى پارتىيە ئادىمى) ئادەملىرى توسۇپ



زەربە بېرىپ بىر قىسىملىرىنى شۇ جايدىلا ئۆلتۈرىدۇ ۋە يارىدار قىلىدۇ ۋە بىر قىسىملىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. يې شىڭفۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. چىڭ ھوكۇمىتى بىلەن شامەخسۇتنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش غەرىزى بىتچىت بولۇپ قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قىلىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن قورال-ياراق ۋە ئات-ئۇلاقلارنى غەنىمەت ئېلىپ ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرىدۇ.

دەل مۇشۇنداق ئوت يالقۇنى پۈتۈن قومۇل رايونىنى قاپلىغان ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى ھوكۇمرانلار گورۇھى ئىچىدە قوزغىلاڭغا قارىتا ئىككى خىل كۆزقاراش مەۋجۇت بولۇپ، بىرسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شىنجاڭ دۇدۇسى يۈەن داخۇا باشچىلىقىدىكى مۇستەبىت جاھىللار گورۇھى بولۇپ، قوزغىلاڭنى قورال كۈچى ئارقىلىق باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىرسى ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى رەڭۋاز گورۇھ بولۇپ ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودىكى مۇستەبىت فېئودال-خانلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلۇپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ تېچ ئۇسۇل بىلەن ھەربىي كۈچنى تەڭ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئۇسۇل قوللانماقچى بولدى. شۇڭا ئەمدىلا تەختكە ئولتۇرغان ياڭ زېڭشىن يۈەن داخۇا باشچىلىقىدىكى گورۇھنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي ئالدىراپ-تېنەپ شامەخسۇتقا تېلېگىراما يوللاپ دېخانلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-ياساقنى "يېنىكلىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچى،

كۆچۈكدىكى ھەربىي قىسىملىرىنى قومۇلغا يوتكەپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى كوردۇ. شۇنىڭدەك بىر قىسىم يۇرت موتىۋەرلىرىنى، دىنىي زاتلارنى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا ئەۋەتىپ، نەسىھەت قىلدۇرۇپ قورال تاپشۇرۇپ ھوكۇمەتكە ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدۇ. لېكىن قوزغىلاڭچىلار بۇ تەلەپنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئاخىردا تۇڭگان ئاخۇنى فىڭ ھاجى بىلەن تۇڭگان ئەسكەر باشلىقى لىيۇ-شيۇفىنى ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارغا نەسىھەت قىلدۇرىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىمىز دەپ "قۇرئان" تۇتۇپ، "قەسەم" ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن ۋەكىللىرى بىلەن توۋەندىكى شەرتلەر بويىچە كېلىشىم تۈزىلىدۇ.

1 - ۋاڭغا ھەر ئايدا 2 كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش.

2 - يەر-سۇنى تەدرىجى دىخانلارغا قايتۇرۇپ بېرىش،

3 - تاغ-يېزىلاردىكى دىخانلارنى يەرلىك ئەمەلدارلار باشقۇرۇش. ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرغاندىن تاشقىرى قالغان قىسمىنى يەرلىك ھوكۇمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇش.

4 - ۋاڭ ئوردىسى تۇتۇپ كەتكەن دىخانلارنى قويۇپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇلارغا چېتىلغان بارلىق ئەنزىلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، قوزغىلاڭ كوتەرگەن دىخانلار ئائىلىسىگە زىيانكەشلىك قىلماسلىق.

5 - قوزغىلاڭچىلاردىن 128 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، تومۇر خەلپە باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇش.

ياڭ زېڭشىن يۇقۇرقى ماددا ئاساسىدا قوزغىلاڭچىلار



بىلەن كېلىشىم تۈزەشكە ئالدىرىدى. چۈنكى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەيۋەتلىك ئىنقىلاۋى بوران كوتىرىلىپ ياڭ زېڭشىننىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىۋاتاتتى. شۇڭا بۇ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى.

تاشقى موڭغۇلىيىدە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى كۆچىيىپ ئۇنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تەسىر كورسىتىپ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتنىڭ مىللىي باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئۇسۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى.

چىگرادا چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ قوبدا ۋە ئالتاي رايونلىرىنى پاراكەندە قىلماقتا ئىدى. ياڭ زېڭشىن بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچىنى چېگراغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر ئىدى. شۇڭا قوزغىلاڭچىلار بىلەن تەنپەن ئوتكۈزۈپ ئىچكى مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى تۇتتى. كېلىشىم بويىچە تومۇر خەلپە باشچىلىقىدىكى مىللىي باتالىيون 1913-يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ ئاز كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ.

تومۇر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ چىققاندىن كېيىن قومۇلدىكى شا مەخسۇت ۋاڭ قوراي ۋە باشقا تاغ-جىلغىلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلاردىن ئوچ ئېلىپ، كەڭ تۈردە قولغا ئېلىش ئىشلىرىنى قىلدۇ. قوراي ۋە ئەرگۇ دىگەن جايلاردا قوزغىلاڭچىلارغا ھەمداشلىق قىلغان ياكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئائىلىلەرنى تۇتۇپ قاتتىق قىيناش ھەركىتى ئېلىپ بارىدۇ.

ھەتتا باشقىلارغا "ئىبرەت" قىلىش ئۈچۈن 16 كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ بېشىنى كېسىپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق سازايى قىلدى. ئەسلىدىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ 6 كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشتىن ئىبارەت "دارخان" لىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن يېزا باشلىقلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنى جازالاپ كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ساقلانغان ۋە يوشۇرۇپ قويغان قوراللىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ھەتتا تاغ جىلغىلىرىدىكى چارۋىچى دىخانلارنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئۆز چارۋا ماللىرىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن قارا مىلتىقلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

ۋاڭ ئوردىسى يەنە ھەر خىل پەرمانلارنى چىقىرىپ بۇرۇن ۋاڭ جەمەتى ئىگىلىگەندىكى يەرلەرگە ئىشلىگەن دىخانلارنىڭ ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى.

تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىدە ياڭ زېڭشىننىڭ كېلىشىمگە رىئايە قىلماي دىخانلاردىن ئۆچ ئېلىش ھەركىتى قوزغىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىككى يۈزلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قىت - تىت بولۇپ ئۆز قىسمىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ كۈچ توپلاپ قايتا قوزغۇلۇشنى ئويلايدۇ. لېكىن ياڭ زېڭشىننىڭ كۆپلەپ ئەسكەر يوتكەپ كېلىپ مۇھاسىرە ۋە نازارەتنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاجراپ چىقالمايدۇ. ھەتتا ياڭ زېڭشىننىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆمۈر خەلپە ھۆكۈمەتتىن ئۆز قىسمىنى باشلاپ، شىمالغا بېرىپ چاررۇسىيە بىلەن تاشقى موڭغۇلـ



يەنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى يوق قىلىشقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ياڭ زېڭشىن ھەربىي قىسمىنى رەتلەيمىز دېگەن بانا بىلەن تۆمۈر خەلپىنىڭ تەلىۋىگە يول قويمايدۇ. ئاخىرى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى مويدىن ئاخۇن بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، ئىشەنچلىك سودىگەرلەر ئارقىلىق تۇرپانغا يوتكەپ، تۇرپاندا ئاممىنى تەشكىللەپ، قايتا قوزغۇلۇش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن بۇ پىلان شۇ ۋاقىتتا ئىچكى قىسمىدىن چىققان ساتقىنلارنىڭ پاش قىلىپ قويۇشى ئارقىسىدا ياڭ زېڭشىن خۇيزۇ ئەسكەرلەر باشلىقى مافۇشىڭ (ما تىنەي) ئارقىلىق تۆمۈر خەلپە، مويدىن ئاخۇن قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ 1913 - يىلى 9 - ئايدا "تۆمۈر خەلپە مويدىن بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بوپتۇ" دېگەن "جىنايەت" نى توقۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمىنى خۇيزۇلار قىسمىغا قوشۇپ، بىر قىسمىلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ. ھەمدە ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپە بىلەن مويدىن ئاخۇننىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن "جىنايەت" لىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، قۇمۇل ۋە باشقا رايونلاردا كەڭ تۈردە تازىلاش ھەركىتى يۈرگۈزۈپ پۈتۈن شىنجاڭ رايونىدا ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىگە دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم سالىدۇ.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 1912 - يىلدىن 1913 - يىلنىڭ بېشىغىچە بىر يىلغا يېقىن داۋام قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن شا مەخسۇتنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلىپ قۇمۇل ۋاڭ باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمران گورۇھىغا قاتتىق زەربە بەردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئەھمىيىتى شۇ بولدىكى بىر مەزگىل

ئەكسىيەتچىلەرنى باج - سېلىقلەرنى يېنىكلىتىشكە مەجبۇر قىلدى.

بۇقېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى چوڭ، كۆلىمى خېلى كەڭ بولغان بولسىمۇ لېكىن ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ كەتتى، بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1) قوزغىلاڭچىلار گەرچە "باج سېلىقنى يېنىكلىتىش" دېگەن شۇئار بىلەن ئۆز مەقسىدىنى ئېنىق جاكالىغان بولسىمۇ لېكىن بارلىق فېئوداللىق تۈزۈمنى ۋە بۇ تۈزۈمنى جان جەھلى بىلەن قوغداۋاتقان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماي تۇرۇپ "باج سېلىقنى يېنىكلىتىش" مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەن.

2) قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى بولغان، تومۇر خەلپە، ياڭ زېڭشىننىڭ شامەخسۇتىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكى ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق زۇلمەتنىڭ باش مەنبەسى ئىكەنلىگىنى ئېنىق تونۇپ يەتمىگەن شۇڭا ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ ھىيلىسىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭ بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈپ مۇرەسسەچىلىك قىلغان.

3) قوزغىلاڭچىلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلدۇرۇپ ئۆز بازىلىرىنى مۇستەھكەملەپ يېزىلاردا مۇستەھكەم ھاكىمىيەت قۇرمىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا شامەخسۇتنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن شارائىت تولۇق ئىدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت خانلىق ھاكىمىيىتى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ھەيۋەتلىك زەربىسى ئاستىدا، ئاغدۇرۇلۇپ شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدا ياڭ زېڭشىن ئەكسىيەتچىل ھاكىمى-



يېتىشكە ئېغىر تەھدىت ئىدى.

4) دىخانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ ئۆز نىشانىسىنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا ئامما تېخىمۇ كەڭ كولەمدە، قوزغۇلۇپ ۋاڭ ئوردىسىغا بولغان ھوجۇمىنى كۈچەيتكەن بولسا قوزغىلاڭچىلار چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشەتتى.

5) قوزغۇلاڭچىلار ئومۇمەن سىنىپى چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ "قۇرئان" تۇتۇپ "قەسەم" بېرىشتەك ئالدامچىلىقلىرىغا ئالدىنىپ كەتتى.

ئومۇمەن قوزغۇلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى، شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى شارائىتتىن ۋە سىنىپى چەكلىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قوزغۇلاڭ گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان ئېلىپ بارغان مىللى زۇلۇمغا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيەگە قارشى كۈرەش قىلىش تارىخىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانماقتا.

ئىزاھات:

① شىنچۇ شەرتنامىسى: 1901 - يىلى 9 - ئايدا لى خۇڭجاڭ چىڭ ھوكۇمىتىگە ۋاكالىتەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە گېرمانىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئىتالىيە، ئاۋىستىرىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق 11 دولەت ۋەكىللىرى بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمنى كورسىتىدۇ.

«جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ 2 - قىسمىدىن»

② «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، ئۇيغۇرچە

نەشرى، 624 - بەتلەر.

③ كاڭ يوۋى — شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھىنىڭ يولباشچىسى.

④ لياڭ چى چاۋ — شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھىنىڭ يەنە بىر باشلىقى.

⑤ جۇڭگو يېقىنقى زامان ماتېرىياللار توپلىمى «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7 - قىسىم 443 - بەت.

⑥ قۇمۇل ۋاڭلىرى: ئەبەيدۇللا، گۇپا، ئىمىن يۇسۇپ، ئىسھاق، ئەردەشىر، بەشىر، مەھمۇت، شا مەخسۇت، نەزەر، زېڭۋېنوۋ «جۇڭگو غەربى رايونىنى باشقۇرۇش تارىخى» 292 - بەت.

⑦ «دارخان» لىق تۈزۈم 1696 - يىلدىن باشلاپ قۇمۇل رايونىدا تەدرىجى ھالدا يۈرگۈزۈپ كەلگەن كىرىپوسنويلۇق تۈزۈم.



ماتېرىيال

# «يېڭى گېزىت» تىن تاللانمىلار

لىيۇ جېنجيا تەرجىمىسى

## ھۆكۈمەت تېلېگراممىسى

بۈگۈن ھەربىي ھۆكۈمەت جىڭدىن تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدى.

ئىلى گۇاڭ شەنخې، چېڭ شۇ، ما، ۋاڭ قاتارلىق ئەپەندىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى: بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 5 تە دۈشمەنلەر بىزنىڭ كورتودىكى ئەسكەرلىرىمىزگە تەگمەي، نەنسەن تاغ يولى ئارقىلىق تورادىكى دادۇيىمىزگە ھۇجۇم قىلدى، پىيادە قىسمىمىز تۇداغا 20 چاقىرىم كېلىدىغان دوڭلۇككە يېتىپ باردى. جياڭجۇننىڭ زەمبىرەك قىسىملىرى تۇملۇقتا يۈرۈشى ئاستا بولدى. ئېگىز دوڭلەرگە كەلگەندە ياندىشىپ سۈرمەي بولمىدى. ئات يەڭگۈشلەش ئىشلىرى بىلەن كېچىكىپ قالغانلىقتىن دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى. پىيادە قىسىملىرىمىز سەپ تارتتى. جياڭجۇننىڭ زەمبىرەك قىسىملىرىمۇ شۇ جايدا تىزىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىغا ئوق ئاتتى، پارتلاش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغانلىقتىن بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئېتىپ، دۈشمەننىڭ

ئاتلىق قىسىملىرى تار - مار قىلىندى. بىزنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىمىز كورتودىن قايتۇرۇپ كېلىندى. پىيادە قىسىملىرىمىز تېخىمۇ جانلاندى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 گە كەلگەندە دۈشمەنلەرنىڭ ھەممە قىسىملىرى مەغلۇپ بولدى. قىسىملىرىمىز قوغلاپ زەربە بېرىپ، سىكو شۇ ( 4 ياغاچ )نى ئىشغال قىلدى، بۇ قېتىم دۈشمەننىڭ 4 دانە زەمبىرىكى غەنىمەت ئېلىندى، ئىككى يۈزچە ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدۇق. يەنە 4 باشلىق بار. بولارنى يالاپ ماڭدۇردۇق. تېخى يېتىپ بارغىنى يوق. ئۆلتۈرۈلگەنلەر ۋە ياريدار بولغانلار بەك كۆپ، بىز تەرەپتە 20 دىن ئارتۇق ئادەم ياريدار بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش غەلىبىسى ۋالى ۋە ھەر قايسى جاناپلارنىڭ ھىمايىسىدە كۆپ ۋاقىت مەشق قىلغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. ”تەربىيە كۆرمىگەنلەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ“ دېگەن ھەقىقەتنى بۇ قېتىمقى غەلىبە تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. بىزنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرىمىز دۈشمەنگە ئېتىلغاندا، دۈشمەنلەر كۆز ئاچالماي، توپ - توپ بولۇشۇپ گاڭگىراپ قالدى. ئۆلگەن دۈشمەنلەر بەك كۆپ. ئۇرۇش ئەھۋالىدىن يۇقۇرىقىلارنى ئالدىن مەلۇم قىلدۇق، تەپسىلىي ئەھۋالنى كېيىن يېزىپ يوللايمىز.

« يېڭى گېزىت » 3 ساندىن ئېلىندى.

( جۇڭخۇا مىڭگونىڭ بىرىنچى يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كونا ئاي ھىساۋى بىلەن 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى )



# ئېلان

## دۈدۈ گۇاڭفۇنىڭ ئالۋاڭ - سېلىقلارنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى ئېلانى

شول توغرىسىدا ئەمرى قىلىمىزكى ئېلى رايونى چەت ۋە كەمبەغەل بولۇپ پۇخرالارنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر، ئۇلارغا ياردەم بەرمەكتە يوق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا قانداقمۇ يول قويغىلى بولسۇن! يېقىندا بەزىلەر ئاساسىي قانۇن تۈزۈلدى دېگەننى بانا قىلىپ، مۇستەبىتلىك يولىنى يۈرگۈزدى. ئومۇمەن باج سېلىقى، يەر سېلىقى، دۇكان سېلىقى، ھارۋا سېلىقى دېگەنگە ئوخشاش ناملار بۇرۇن يوق ئىدى. ھازىر بار بولۇپ قالدى. بۇ تۈزۈمىمىزگە شۇنىڭدەك ئىنسانچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ، بەزى كىنچىك ئەمەلدارلار قاقتى - سوقتى قىلىشنى، يەرلىك دۆغلار پۇخرالارنى خانىۋەيران قىلدى. بۇ ئەھۋال كىشىنى بەك ئېچىندۇرىدۇ، ئەمدى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. ھەممىگە بەخت يەتكۈزۈش لازىم. غەللە پاراق، چارۋا بېجى ئاۋالقىدەك ئېلىنغاندىن تاشقىرى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۈرلۈك سېلىقلار تامامەن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. پۇخرالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا خەيرىخالىق قىلىنىدۇ.

( قىسقارتىپ ئېلىندى )

ئېلى « يېڭى گېزىتى » 3 - ساندىن ئېلىندى

(جۇڭخۇا مىنگو بىرىنچى يىلى) 1911 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

## ئەسكەرلەرگە 6 تۈرلۈك بۇيرۇق

قېرىنداشلار ۋە ئەسكەرلەرگە مەلۇم بولسۇنكى: بۇ قېتىم ھەقىقەتكە قايتقان چىگرا قىسىملىرى، بىرىنچىدىن، ئىنتىزامغا قەتئىي رىئايە قىلىشى لازىم، ئىككىنچىدىن چەت ئەللىكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشى لازىم، ئۈچىنچىدىن ھەرگىز بۇلاڭ-تالاڭ قىلماسلىقى لازىم، تۆتىنچىدىن ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلماسلىقى لازىم، بەشىنچىدىن ئەپيۇن چەكمەسلىكى ھاراق ئىچمەسلىكى لازىم، ئالتىنچىدىن سودا سېتىقتا ئادىل بولۇش لازىم، خىلاپلىق قىلغانلارغا ھەربىي قانۇن ھەرگىز يول قويمايدۇ، ئادەتتە يەرلىك تىپچلىقنى قوغداپ، جەبىر-جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىش لازىم. پىتنە-ئىغۋالارغا قولاق سالماسلىقى، كېچىلىرى ۋەھىمە سالماسلىقى لازىم، قورال-ياراق بەك مۇھىم، ئۇنى ئوبدان ساقلاش لازىم. جەڭدە پىداكارلىق بىلەن ئالغا بېسىش لازىم، دۈشمەن چېكىنسە ئولجىغا بېرىلمەسلىكى لازىم، ئولجىغا بېرىلىشنىڭ زىيىنى چىڭ، ھۇجۇم ۋە چېكىنىشتە باشلىقلارنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇنۇش لازىم، دۆلەتنى قوغداشتا مىللەتكە ئايرىماي ئاڭلىق مەدەنىيەتلىك بولۇش لازىم، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە قازاقلار باپ-باراۋەر بولۇش لازىم. ئادەتتىكى شەخسى ئاداۋەت، شەخسى مەنپەئەتلەرنى كۆڭۈلدە ساقلىماسلىق لازىم، جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ بەخت، سائادەتنى ئورتاق يارىتىشتا كۆپچۈلۈك بىر ئىرادىدە بولۇش لازىم، كەلگۈسى ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندا،



شەرەپ ھەممىمىزگە مەنسۇپ، بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەشۋىق ۋە ھال سوراش ئۈچۈن يېزىغا كىشى ئەۋەتكەنلىك توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ئىلى خەلقى ھەقىقەتكە قايتىپ جۇمھۇرىيەتنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە قازاق دېمەستىن يۇرت ئايرىماستىن، باپ-باراۋەر بولدى. ھازىر شەھەر ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلار خاتىرجەملەشتى، لېكىن موڭغۇل، قازاق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇراق جايلىرى يىراق بولغانلىقتىن بەزى پىتنە-ئىغۋالارغا چىن پۈتۈپ گۇمان ۋە تەشۋىشلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا خەنزۇ مۇتىبەرلىرىدىن چى — سۇكيۈەن، ئۇيغۇر مۇتىبەرلىرىدىن خادىسەيىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ھال سوراش ئۈچۈن يېزىلارغا ئەۋەتتۇق، يۇرت چوڭ بولغاچقا ئۇلارنىڭ يېتىشىپ كېتەلىشى قىيىن. يەنە ماشۇۋدىن، لۇشخەي، غىياس قاتارلىق ئۈچ كىشىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ھال سوراش ئەزاسى قىلىپ ئەۋەتتۇق ھەرقايسى جايلارغا خەت ماڭدۇرغاندىن باشقا ئۇلارنى يېزىلارغا ماڭدۇردۇق تەشۋىقاتنى ئاڭلاش بىلەن غەم-ئەندىشىلەرنى تاشلاپ خاتىرجەم بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

## شىنجاڭ ئىلى خەلق ئىشلار باشقارمىسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى

چاغان تۈگىدى، قىمار چەكلىنىدۇ، پوخرالار، دۇكاندارلار

ۋە كوپچۈلۈك خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاۋالقىدەك ئۆز تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى، تىرىشچىلىق، باغۋەنچىلىققا ھازىرلىق قىلىشى لازىم. ھەربى ھالەت مەزگىلىدە ئويۇن-تاماشا دەپ قالايمىقان يۈرۈشكە بولامدۇ؟ قىسمەن خەنزۇ، مانجۇ، خۇيزۇ، ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق يامان ئادەتلىرىنى تاشلىشى ئۈچۈن بۇ پەرماننى چۈشۈردۇق، كىمكى قۇلاق سالمىسا قولغا ئېلىنىپ قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ.

يۇقۇرىدىكىلەر ئىلى «يېڭى گېزىتى» 8 - سانىدىن ئېلىندى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (1911 - يىل)
2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

## دودۇ مەھكىمىسى خوجۇلۇق بولۇمىنىڭ ئۇقتۇرۇشى

شۇنىڭ بىلەن ئۇقتۇرۇش قىلىمىزكى، دودۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ ئىلتىماسىدا: "شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرىمىز غەلىبە قىلىپ بۈگۈن-ئەتە قايتىپ كېلىدۇ، مەزكۇر قوشۇن ئالدىنقى سەپتە دۈشمەنلەر بىلەن كۆپ ئېلىشىپ نەتىجە كۆرسەتتى، ئەسكەرلەرنىڭ شەرىپىگە تەنتەنە قىلىپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى بولۇم، نازارەت، ئىدارە، خادىملىرىگە ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ يوق، ئەگەر رۇخسەت بولسا، ھەرقايسى ئورۇنلارغا ئۇقتۇرۇش چىقارساق دېگەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆز قارمىقىدىكىلەرگە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن ئۇشبۇ



ئۇقتۇرۇشنى چىقاردۇق، باشلىقلار شىمالى دەرۋازىنىڭ تېشىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ، ئاتلىق قىسىملار دەريا بويىغا بېرىپ قارشى ئالسا بولىدۇ.

## دودۇنىڭ رۇسىيە كونسۇلىغا يازغان خېتى

شول توغرىسىدا ئالاقە يازىمىزكى، ئىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىڭىز بىلەن ئالاقە قىلىش توغرىسىدا ئىككى قېتىم نوتا تاپشۇرغان ئىدۇق، خارجى ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ئىش بېجىرگۈچى خادىملار تەيىنلەندى، كونسۇلىڭىز بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرۇشقا غۇلجا دىپوتات ئىدارىسىنى ئىش باشقۇرۇش ئورنى قىلدۇق. ئالاقە قىلىشىڭىزلارغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تەيىنلەنگەن خادىملارنىڭ ئىسمىلىكىنى كۆچۈرۈپ ئەۋەتتۇق ۋاقىپ بولۇرسىزلەر.

## خارجى ئىشلار ئىدارىسىغا يازغان خەت

شول توغرىسىدا ئالاقە يازىمىزكى، رۇس كونسۇلى 120-نومۇرلۇق ئالاقە بىلەن ئەۋەتكەن مەرھۇم گېنېرالنىڭ ئائىلە تاۋاباتىغا بېرىلىدىغان 147 رۇبلى 80 كوپېك رۇسىيە نەپەقە پۇلىنى ۋە بىر پارچە ئۆزگەرتىلگەن تېلېگىرام ھۆججىتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆز ۋاقتىدا مەزكۇر 147 رۇبلى 80 كوپېك پۇلنى مەرھۇم گېنېرالنىڭ ئائىلە تاۋاباتىغا تاپشۇرۇپ قولىدىن ھۆججەت ئالدۇق. روسىيە كونسۇلىنىڭ دۆلەت ئايرىماي غەمخورلۇق قىلغىنىغا گېنېرال ئائىلىسى چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى. دودۇمۇ رەھمەت ئوقۇدى.

خەت ۋە ھوججەتنى خارجى ئىشلار ئىدارىسى ئارقىلىق روسىيە كونسۇلىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىشىغا ئۇۋەتتۇق، ۋاقىپ بولۇرسىزلەر.

يۇقۇرىدىكىلەر ئەسلى «يېڭى گېزىت» 10 - سانىدىن ئېلىندى، جۇڭخۇا مىڭگونىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادى 1911-يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

## كېڭەش ئىدارىسىنىڭ خەلقتىن تەكلىپ قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى 10 ماددىلىق نىزامنامىسى

(1 - ماددا) شىبۇ نىزامنامە جامائەت پىكرىنى كەڭ دائىرىدە توپلاپ ھازىرقى سىياسەتلەرنىڭ پايدا - زىيان تەرەپلەرنى ۋە جايلاردا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تەدقىق قىلىشنى مەخسەت قىلىدۇ.

(2 - ماددا) تەكلىپنامىلار ئىدارىمىزنىڭ دەرۋازىسىدىكى خەت ساندۇغىغا سېلىنىدۇ.

(3 - ماددا) خەت سېلىش ۋاختى ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 7 گىچە، يەكشەنبە كۈنى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(4 - ماددا) ھەر قانداق ئادەمنىڭ تەكلىپ بېرىش ھەققى بولىدۇ، لېكىن 10 كىشىدىن ئارتۇق ئادەم قوشۇلغان بولۇشى شەرت.

(5 - ماددا) چاقىرتىپ يۈزمۇ - يۈز مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تەكلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆز ئادرېسىنى، ئىسىم - فامىلىسىنى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوچۇق ئىزاھلاپ قويۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(6 - ماددا) تەكلىپنامىدا يېزىلغان ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئىدارىمىز تەرىپىدىن كۆپچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ دودۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ئۇ قايتا قارالمايدۇ. جايلارنىڭ پاراۋانلىقى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئومۇمغا پايدىلىق بارلىق ئىشلارنى پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن تەكلىپ بەرگۈچى، قايتا ئوچۇق يېزىشى كېرەك.

(7 - ماددا) تەكلىپلەردە تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغان پاكىت ۋە ئۇنىڭ سەۋەپلىرى تەپسىلى يېزىلىدۇ، ئومۇمەن كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلار يېزىلىشى زۆرۈر. شەخسى ئىشنى دەپ قۇرۇق داۋراڭ قىلىشقا، شەخسى نەرەزدە بىرلىشىپ ئەرز يېزىشقا يول قويۇلمايدۇ.

(8 - ماددا) شەھرىمىز ۋە باشقا شەھەرلەردىكى تەكلىپلەر ئىدارىمىزغا يوللانغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ، تەپسىلى جاۋاپ بېرىلىدۇ. ھەقىقەتەن قوبۇل قىلغىلى بولغانلار ھەرقايسى ئىدارە بۆلۈملەرنى يىغىپ ئېلان قىلىدۇ ۋە بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئىجرا قىلىنىدىغانلار ياكى تۈزۈتۈشكە تېگىشلىكلەر ۋە قارارلار گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ بىرىنچى قېتىم ھەل قىلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر، نامۇۋاپىق بولۇپ قالسا، تەكلىپ بەرگۈچى نامۇۋاپىق بولغان ئاساسلارنى يېزىپ، ئىدارىمىزغا قايتا يوللايدۇ. ئىدارىمىز قايتا قاراپ قارارنى گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قايتا تەگەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

(9 - ماددا) ھەل قىلىشقا قىيىن بولغان تەكلىپلەر قارالمايدۇ. لېكىن سەۋەپلىرىنى گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىپ جاۋاپ قايتۇرۇلىدۇ.

(10 - ماددا) ناھىيىلەرنىڭ ئارىلىقى يىراق، تەكلىپ يوللاشقا ئوڭۇشسىز، ئۆز ئالدىغا كېڭەش قۇرۇپ ئىدارىمىز-

نىڭ تەكلىپ ساندۇقىغا ئوخشاش ساندۇق ياساپ، دەرۋازا ئالدىغا ئېسىپ قويۇش كېرەك. ھەر ناھىيىنىڭ تەكلىپنامىلىرى شۇنىڭغا سېلىنسۇن، رەئىسلەر كۆرۈپ ئىدارىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاش كېرەك.

ئېلى «يېڭى گېزىتى» 16 - ساندىن ئېلىندى
جۇڭخۇا مىڭگونىڭ بىرىنچى يىلى
(1911 - يىلى) 3- ئاينىڭ 8 - كۈنى

## دودۇنىڭ خەلق ئىشلىرى باشلىقلىرىغا چۈشۈرگەن ئەمرى

شۇل تۇغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدىكى: ئىچكى ئۆلكىلەردە جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنىپ جەنۇپ بىلەن شىمال بىرلىككە كەلدى. ۋەزىيەت مۇقىملاشتى. ئىلى شەرققە ئەسكەر ماڭدۇردى. ئەسلىدە چەتتىن كېلىۋاتقان خورلۇقلارغا قارشى تۇرۇپ خەلقنى قوغداپ قالدى. بىزنىڭ قوشۇنىمىز، ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ دات - پەريادىغا كۆڭۈل بولۇدۇ. خەلقنىڭ تىرىكچىلىكىنى تىجارەتلىرىنى قوغدايدۇ. ھەرگىز دەخىل يەتكۈزمەيدۇ. ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق كۆرۈش ۋاقتى، دېخانلار گۇمان ۋە ئەندىشە قىلىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ قويماسلىقى لازىم. ھەرقايسى خەلق ئىشلار بولۇم باشلىقلىرى شاڭيۇلارنى (يېزا باشلىقلىرى) يىغىپ ئەمرنى تولۇق يەتكۈزۈپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئادەتتىكىدەك دېخانلارغا ھەرخىل زىرائەتلەرنى تېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. لېكىن ئەپيۇن تېرىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ ئۇشبۇ ئەمر چۈشۈرۈلدى. شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنسۇن.

ئېلى «يېڭى گېزىتى» 17 -ساندىن ئېلىندى.
جۇڭخۇامىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (1911 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 9- كۈنى قەمەرىيە بىرىنچى ئاينىڭ 21 - كۈنى



ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ قۇربان بولغان ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ روھىغا ئورۇن راسلاش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىغا

## دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ يازغان جاۋابى

مەزمۇندىن ۋاقىپ بولدۇق، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بەزى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەر قېرىنداشلارنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ روھىغا جەننەت تىلەپ، نەزىر - چىراق قىلىدىغان ئورۇننى بۇرۇنلا راسلاش لازىم ئىدى. لېكىن كۆرەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا لايىق يەر بولمىغانلىقتىن ئورۇن كۆرسىتىلمىدى. ئاڭلىساق سۇيدۇڭنىڭ شەرقى تەرىپىدە بۇرۇنقى ئىلى ۋادىسى يۇيكۇينىڭ سالغان بىر ئىمارىتى بولۇپ ئۇنىڭدا سابىق ئىلى جياڭجۇنى شى نىڭ قەۋرە تېشى قويۇلغان ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر قەۋرە تېشىنى جىڭگۇڭ بۇتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ مەزكۇر ئىمارەتنى بۇ قېتىم قۇربان بولغان ئەمەلدار ۋە چېرىكلەرنىڭ مازارى قىلساق ھەر ئىككىسىگە ياخشى بولغىدەك، كېڭەش ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىندى. ئۇلار قارار قىلىپ جاۋاپ قىلغاندا شۇ بويىچە ئىجرا قىلۇرسىزلەر.

كېڭەش ئىدارىسىنىڭ ھەربى ئىشلار بولىمى لەشكەرلەر ماڭغان كۈننى مەلۇم قىلغاندا ئۈزۈتۈپ قويساق دەپ يازغان ئىلتىماسىغا

## دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ بەرگەن جاۋابى

مەلۇم بولۇشىچە، ھەر قايسى ئەللەردە ئەسكەرلەر بەك ھورمەتلىنىدۇ، ئىززەتلىنىدۇ، ئېلىمىزدە جۇمھورىيەت قۇرۇش

دەۋرىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەسكەرلەرگە بەك ھورمەت بىلدۈرۈش لازىم. ھەربى ئىشلار بولۇمى بۇندىن كېيىن ئەسكەر ماڭدۇرسا، ۋاقتىنى ئالدىن ئۇقتۇرسا، دودۇ ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆزۈتۈپ قويۇشىغا ئۇختۇرۇش قىلسا دەپ ئىلتىماس سۇنغان ئىكەنسىزلەر، ئوبدان بوپتۇ، شۇنداق قىلىش كېرەك. لېكىن بۇ، نۆۋەتتە ئىلى بىرىنچى بولۇپ لەشكەر ماڭدۇردى، كېيىن ھەرقايسى دادۇيلەر بويىچە داۋاملىق سەپەرگە چىقتى. بۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇزاتمىدۇق. بۇ قېتىم بۇ ئىشنى يولغا قويساق ئالدى-كەينى ئوخشاش بولماي قېلىپ، كېيىن گەپكە قالىمىز. ئۇنىڭدىن كوره دادۇيلەر غەلىبىلىك قايتقان چاغدا ھەممە ساھە ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىشقا ئۇختۇرۇش چىقارساق ئوبدان بولارمىكىن دەپ جاۋاپ يېزىلدى.

## كېڭەش ئىدارىسىنىڭ سوتلاش ئۇسۇلىنى ياخشىلاندۇرۇش توغرىسىدا يازغان ئىلتىماسىغا بېرىلگەن جاۋاپ

ئىلتىماستىن ۋاقىپ بولدۇق، ئىدارىڭىزلاردىن سوتلاش ئۇسۇلىنى ياخشىلاندۇرماقچى بوپسىلەر. بۇ ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىش. لېكىن جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى تېخى ئېلان قىلىنمىدى. چېگرا يەرلەرنىڭ شارائىتى، ئۆرپ-ئادىتى باشقىچە. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسى قانۇندىن خەۋەردار كىشىلەر ئاز، پۈتلىكاشاڭ چىقمايدۇ دېيىش قىيىن، خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە مەلۇم قىلدۇق، قارمىغىڭىزلاردىكى خەلق ئىشلار بولۇم باشلىقلىرى ئەھۋالغا قاراپ يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.



## خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ روسىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا راسخوت پۇلى پېرەۋود قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىغا جاۋاپ

مەزمۇندىن ۋاقىپ بولدۇق، روسىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ راسخودىنى ئىدارىڭىزگە يېقىن بولغان غۇلجىدىن ئاجرىتىپ رۇس پۇلىغا تېگىشىپ، رۇس كونسۇلىغا تاپشۇرۇڭلار. يەتتە سۇ ۋىلايىتى ئارقىلىق پېرەۋود قىلىڭلار. مالىيە ئىدارىسى ۋە غۇلجا مالىيە باشلىقىنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشىگە بۇيرۇدۇق، كۈتۈپ تۇرۇڭلار. ئىلى «يېڭى گېزىتى» 19-سانىدىن ئېلىندى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادى 1912-يىلى) 3-ئاينىڭ 11-كۈنى قەمەرىيە 1-ئاينىڭ 23-كۈنى.

## ئۆلكىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر

خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىكى ××× كىشى تونۇگۈن ماناستىن بىر پارچە خەت ئالدى. خەلق قىسىملىرى مەزكۇر يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ھەركەت قىلغانلىقتىن دۈشمەنلەر ھەقىقەتكە قايتقان (كوچا خەۋىرى بولسا كېرەك) شەھەر ئىچى ۋە سىرتقى تەرتىپلەر ئۆز جايىدا، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق، ئوتۇن، چۆپ ۋە ئوق-دورا ئامبىرى شۇلارنىڭ قولىدا.

جىڭدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاۋانگارتى سەپىنىڭ باشچىلىقىدا مۇشۇ ئاينىڭ 20 - كۈنى جىڭدىن قوزغىلىپ شۇ كېچىسى قۇم بۇلاقتا چۈشكۈن قىلدى. 21 - كۈنى كېچىسى گورتۇنى ئىشغال قىلدى. دۈشمەنلەر چېكىندى.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ياردەمچى قىسمى لى دۈيجاڭ 21 - كۈنى جىڭدىن چىقىپ شۇ كېچىسى تودوگقا چۈشتى. هازىر ئالدىنقى سەپ قوشۇنغا ماسلىشىپ ئىلگىرلىمەكتە.

خەلق ئەسكەرلىرى ھەربى تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ 21 - ۋە 22 - چىسلا ئىككى كۈن جىڭدا ئاشلىق ئوت - چوپ هازىرلاپ ئالدىن ماڭغۇزدى. ئۆزى ھۇجۇم قىلىپ شىخونى ئالماقچى بولدى.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا سەپ قىسىملىرى جاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 20 - كۈنى سەنتەيدە دۈيلەرگە بولۇنۇپ يولغا چىقتى. 21 - كۈنى سەنتەيدە تۇرۇپ، شۇ كېچىسى ۋۇتەيدىن ئۆتتى. 22 - كۈنى ئەتىسگەن سائەت 9 دا داخىيەنزىگە يېتىپ باردى. ھەم دۈيلەرگە بولۇنۇپ بورىتالا ئەتراپىدا دۈشمەن قىسىملىرىغا تاقابىل تۇردى.

ئىلىدا خەنزۇ، تۇڭگان ۋە ئۇيغۇردىن ئىبارەت 3 مىللەتنى ئەزەلدىن خەلق ئىشلار باشقارمىسى باشقۇرۇپ كەلگەن، قالغان مىللەتلەرنى باشقارما باشلىقلىرى بولۇشۇپ ئىدارە قىلاتتى. كېڭەش ئىدارىسى بىرلىككە كەلتۈرۈش چارىسىنى تەييارلاپ دودۇغا مەلۇم قىلغانمىش. 4 - قوشۇندىكى قازاقلار باشقارمىسى، لامالار باشقارمىسى بۇرۇنقىدەك ئىش يۈرگۈزىدۇ. ئۇلار يەرلىك مەمۇرى ئەمەلدارلار قاتارىدا بولۇدۇ. خەلق ئىشلار ئىدارىسى تېنچلاندۇرۇش بولۇمى قۇرۇپ رەھ



بەرلىك قىلىدۇ، مەزكۇر ئىدارىدا قۇرۇلغان بولۇمنىڭ ھەر مىللەتنىڭ مەمۇرىيىتىگە نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولۇپ دودۇنىڭ ياردەمچى ئورگىنى ھېساپلىنىدۇ. مۇنداق قىلىش بىر ئۆرۇغداشلىق قاتارىدا ئىش كورگەنلىك بولۇپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە مۇۋاپىق بۇنداق، قىلىشقا دودۇ رۇخسەت قىلامدۇ - يوق ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئاندىن مەلۇم قىلىنىدۇ.

يېڭى ئىلى ھوكۇمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى بولۇملەرنىڭ خادىملىرى تولۇقلاندى. مەسلىھەتچىلەر بولۇمىنىڭ باشلىقى خې جادۇڭ، مۇئاۋىنى چېڭ جاپۇ، ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ باشلىقى ياڭ زەنشۇي، مۇئاۋىنى شۇي جەنگۇ كېڭەش باشلىقى پىڭ داشۇ، مائاۋىنى ۋاڭ جىچاۋ (ئىستىپا بەرگەنمىش) خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فىن چاۋ مائاۋىنى چېڭ پىنشى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغان خې جادۇڭ مۇئاۋىنى خۇاڭ لىچوڭ خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى جىڭتاڭ، مۇئاۋىنى مۇڭ كۇتەي.

خەلق ئەسكىرىدىن شەرققە يۈرۈش قىلىدىغان ئەترەت يولغا چىققاندىن كېيىن هازىر كۈرەدە تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق قىسىمدىكىلەرنىڭ ئەيتىشىچە، بىر مۇنچە قىسىملەر ئاردىلىشىپ كەتكەنمىش.

ئىلى ئارمىيەسىدە ئىككى قىسىم بار. ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئىسكادرونىدىكى ئاتلىق، پىيادە جەمئى 9 ئىسكادرون. ئەمدى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىگە ئوزگەرتىلدى. ھەممىسى جاڭ شېنىڭ قوماندانلىقىدا يەرلىك ئامانلىقنى قوغدايدۇ. چېگرالاردا تۇرۇپ تېچلىقنى ساقلايدۇ.

كۈرە شەھىرى 10 - ئايىنىڭ 19 - كۈنى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. 5 - 6 كۈندىن كېيىن باللار كوچىدا ئويناشتى. بۇنىڭدىن جەمىيەتنىڭ تەرتىۋى تېز ئەسلىگە كەلگەنلىگىنى كۆرگىلى بولۇدۇ. يېقىندا سودىگەرلەر چاغان دەپ تىجارەت قىلمىدى. شۇڭا بازار ئانچە قىزىمىدى.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراق مەھكىمىسىدىكى شاڭ جۇ ئېبىڭ ئوتكەن ئايداجىڭغا ئوق - ياراق ئېلىپ كەتكەن ئىدى. تونۇگۈن قايتىپ كەلدى. يېقىندا يەنە ھەربى كىيىم - كېچەك يەتكۈزمەكچىمىش.

سابىق ھەربى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خې كېچۈەن ھەربى ھوكۇمەتنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن تەشكىللەنگەن بىر باتالىيون ئاتلىق ئەترەتنى شەرققە يۈرۈش قىلىدىغان پارتىزان ئەترەتكە ئايلاندۇرۇپ بۇ قىسىم ھەربى ئىشلار بولۇمىگە قارالمىسۇن، ئۇلارغا يوللاردا ئەركىن يۈرۈش ھوقۇقى بېرىلسۇن، دەپ دۇدۇغا تەكلىپ بەرگەن ئىكەن، تونۇگۈن كېڭەش ئىدارىسى ئارقىلىق تەستىقلاپ بېرىپتىمىش.

«يېڭى گېزىت» 3 - ساندىن ئېلىندى.
(جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى 2 - ئايىنىڭ
24 - كۈنى قەمەرىيە بىرىنچى ئاينىڭ 7 - كۈنى)

ئىلى خەلق قوشۇنىنىڭ 22 - كۈنى دۈشمەن قىسىملىرىنى يېڭىپ 4 ياغاچ دىگەن يەرنى ئىشغال قىلغانلىقى تونۇگۈنكى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا دۈشمەن قوشۇنىدا نۇرغۇن خان قەبىلىلىرىدىن قورۇلغان ئىككى ئاتلىق ئىسكادرۇنى بارمىش. خەلق قوشۇنى تەسلىم قىلدۇ-



رۇش ئېلانى چىقىرىپ ئۇلارنى ئالدىنىپ دۈشمەنگە ياردەم بەرمەڭلەر دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە شىخونى قىستىدى. دۈشمەن قوشۇنلىرىدا توپۇلاڭ بوپتۇ، ئەسكەر ئاجرىتالماي قىيىن ھالغا قالغاندەك تۇرىدۇ.

چاچ كېسىش ئالىقاچان ئىچكى ئولكىلەردە باشلانغان ئىدى. ئىلىدا ئوچۇق ئوختۇرۇش بولمىسىمۇ ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئارىسىدا چاچ كەسكەنلەر ئاز ئەمەس. تونۇگۈن گېزىتخانىمىز تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ھەربىلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا باشقا ساھەلەردە چاچ كەسكەنلەر ئوندىن ئىككى قىسىمنى تەشكىل قىلىدۇ، كەسمەكچى بولۇپ ئەھۋالغا قاراپ تۇرغانلار ئوندىن بەش قىسىمنى تەشكىل قىلىدۇ. كەسمەي تۇرىۋالغان جاھىللار ئوندىن ئىككى قىسىمنى تەشكىل قىلىدۇ. كېڭەش ئىدارىسى تونۇگۈن، ھەرقايسى ئىدارە، بولۇم باشلىقلىرى باشلامچىلىق قىلىپ، چاچ كېسىش توغرىسىدا تەكلىپ قويۇپتۇ. كۆچەپ تەشەببۇس قىلىشنى ئوتتۇنۇپ دۇدۇغا ئىلتىماس سۇنغاندا، باشقىلار ئۇلگە كورسۇتۇپ ئالدى بىلەن چېچىنى كەسسۇن. ئاندىن قارمىقىدىكىلەرگە ئۇختۇرۇپ ئىجرا قىلسۇن، لېكىن پۇخرالارغا ۋاقتىنچە مەجبۇرلاش ئۇسۇلى قوللانماي ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلسۇن دېيىلگەن.

ئىلى چېگرا جاي بولغاچقا خەلقنىڭ سەۋىيىسى ئىچكى ئولكىلەردىن تۆۋەن، تىل ۋە يېزىق جەھەتتە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھات ئىشلىرىدا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەي بولمايدۇ. دودۇ بۇ يەردە ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايدىغانلار بەك ئاز، كېڭەش ئەزاسى سايلاش

يەرلىك مۇختارىيەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئىشلەشتە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ نىزامنامىلىرى بويىچە ئىشلەشكە بولمايدۇ دەپ كېڭەش ئىدارىسىنىڭ مۇۋاپىق چارىلارنى مۇھاكىمە قىلىپ چىقىشقا تاپشۇردى.

گېزىتىمىز ئۇرۇش كۈزەتكۈچى مەخسۇس مۇخبىر ئەۋەتتى. ئۆتكەن ئاينىڭ 24 - كۈنى گورتۇدا خەلق قوشۇنلىرى بىلەن دۈشمەننىڭ سوقۇشقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىككىلا تەرەپنىڭ چېكىنگەن مەغلۇپ بولغان سەۋەپلىرىنى بايان قىلدى.

دۈشمەن قوشۇنلىرى يالغان تەسلىم بولۇپ ئالداپ خەلق قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى لىنى ئۆلتۈردى، مەزكۇر قوشۇن باشلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ چېكىندى. باشقا قىسىملار مەغلۇپ بولدۇق دەپ خاتا چۈشۈنۈپ ھەممىسى دىگۈدەك چېكىندى، دۈشمەن ئاتلىق قىسمى خەلق قوشۇنىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال قوغلىدى، خەلق قوشۇنى كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ قارشىلىق كۆرسەتتى. دۈشمەن ئاتلىق قىسمى خەلق قوشۇنىنىڭ توپلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئارقىغا قايتتى. دۈشمەننىڭ پىيادە، زەمبىرەك ئەسكەرلىرى خەلق قوشۇنلىرىنىڭ كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يەنە 6 - 5 يۈز ئاتلىق ئۆز ئەسكەرلىرىنى خەلق قوشۇنلىرى ئىكەن دەپ خاتا تونۇپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتكەندىكەن ئوخشايدۇ دىگەن چۈشەنچىدە بولۇپ، توپ، زەمبىرەك ئېتىپ زەربە بەردى، ئۆزىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى، ئۆزىنىڭ زەمبىرەكچى قىسىملىرىغا قارشى تۇرۇپ، قايتا - قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن پىيادە زەمبىرەك ئەسكەرلىرى چىداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ قاچتى، ھېلىقى ئاتلىق قوشۇن قوغلاپ كېلىپ ئۆز ئادەملىرى



ئىكەنلىكىنى ئاندىن تونىدى. بۇ ئۇرۇشتا 3 - 4 يۈزدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق قوشۇنى ئۇلارنىڭ 3 - 4 يۈز ئادىمىنى ئۆلتۈردى، شۇنداق قىلىپ جەمى 8 - 7 يۈز كىشى چىقىم تارتتى، دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولۇپ كېچىچە قېچىپ شىخوغا باردى، خەلق قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن قورقۇپ گورتوغا ئوت قويىۋەتتى، خەلق قوشۇنىنىڭ چېكىنىشى قالايمىقان بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىشتى، يوقلىما قىلغاندا ئاران يۈزنەچچە ئادەم چىقىم بولغانلىقى مەلۇم بولغان، يۇقۇرقى ئەھۋاللار خەلق قوشۇنىنىڭ گورتودا قىلغان ئۇرۇشىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالى.

«يېڭى گېزىت» 4 - سانىدىن ئېلىندى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى 2 - ئاينىڭ
25 - كۈنى قەمەرىيە 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئىلى خەلق قوشۇنى چىڭىشور دىگەن يەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ چېكىنىش يول بىلەن ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاتلىق ۋە پىيادە ئىككى ئىسكادرونىنى 20 يول كېلىدىغان جەنۇبى تاغ ئېتىكىگە ئورۇنلاشتۇردى. باشقا پىيادە ۋە زەمبىرەك دادۇيلىرى شۇ يەرلەرگە يېقىن مۇھىم جايلارغا ئورۇنلاشتى. بۇ جاي شىخونىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئوغرىلارنىڭ ئۇۋىسىنى باياقىشتا ئېگىز ۋە قولايلىق جاي ئىدى، ئۈرۈمچىدىكى خەلق قورقۇنچ ئاستىدا قالدى، قورچاق يۈەن داخۇانىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ قوزغۇلالمىدى، يۈەن داخۇانى ھەقىقەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلىۋاتقانىمىش.

بارىكۆلدىكى يەرلىك ھەربى باشلىق ئۆلكىنىڭ يېتەكۈشگە بويسۇنمىغانلىقتىن قورچاق ئۆلكە ھەربى باشلىقى

يۇەن داخۇا قاتتىق نارازى بولدى، ئۇلار بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىپ، تەشۋىش قىلىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالى خېلى زور.

چۆچەكتىن بورتالا بويلاپ جىڭخېچە بولغان جايلاردا رۇس سودىگەرلىرى جايلىشىپ تىجارەت قىلىدۇ. خەلق قوشۇنى چۆچەك ئەتراپىدا تۇرساقمۇ جايلار بىزنىڭ دادۇيىمىزدە ئەمەس، ئەگەر يۇەن داخۇا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى رۇس سودىگەرلىرىنى پاراكەندە قىلسا، خەلق قوشۇنى مەسئۇل بولالمايدۇ. خارجى ئىشلار ئىدارىسى مۇشۇ مەزمۇندا غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلغا ئالاقە ئەۋەتتى. مەزكۇر كونسۇل تارباغاتايدىكى رۇس كونسۇلىغا يۇەن داخۇا بىلەن سۆزلۈشۈش ئۈچۈن تېلېگرام يوللىغان.

«يېڭى گېزىت» 8-سانىدىن ئېلىندى.

(جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى 2-ئاينىڭ
29-كۈنى قەمەرىيە بىرىنچى ئاينىڭ 12-كۈنى)

ئىلى خەلق قوشۇنى ئۆلكە تەرەپنىڭ سۈلھى ياسىماقچى بولغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دادۇيلەرگە بۆلۈنۈپ جىڭخاغا چېكىندى. يول بويى مۇھىم جايلارغا ئاۋالقىدەك ئاساسى قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەگەر سۈھبەت نەتىجىسىز بولسا، قايتا ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ.

خەلق قوشۇنى بۆرۈنقى شىۋە باتالىيونى بىلەن بىرگە 5-كۈندىكى ئۇرۇشتا بەك كۈچ چىقاردى، ئۇلار دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن 8 سومۇلدىن ياشلارنى قوبۇل قىلىپ تېز يەتكۈزۈش توغرىسىدا ياڭ زۇڭجاڭغا ئىلتىماس سۇندى. ئەسلىدە ئىلىغا قاراشلىق موڭغۇل، قازاق قەبىلىلىرى جەم ياتقان ئىدى، يېقىندا ئەسكەر قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى



ئاڭلاپ ھەر قايسى قەبىلىلەر كۆرەڭگە كېلىپ ئەسكەرلىككە قىزغىن يېزىلدى. خەلق قوشۇنىدىكى ھەر قايسى پولك باتالىيونلاردا خۇيزۇلارمۇ كۆپ. ئۇلار خەنزۇ، موڭغۇللار بىلەن بىر نىسبەتتە قەھرىمانلارچە ئۇرۇشقا قاتناشتى.

خەلق قوشۇنىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر 2-پولكى ئەسلىدە كۆرەڭدە ئورۇنلاشقان ئىدى. تونۇگۈن بىر باتالىيونى جىڭخاغا ماڭدۇرۇلدى. مەزكۇر باتالىيونغا ئەسكەر قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ياش بەگزادە (ماپەمىلىلىك بەگنىڭ ئوغلى ئىمىش) ھەربى سەپكە قىزغىن قاتناشتى. تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

خەلق قوشۇنلىرىنىڭ دائىرىسىدىكى شەھەرلەردە تەنتەنىلىك بىلەن چاغان ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ھەممە يەردە بەش خىل رەڭلىك دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان، كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن.

خەلق قوشۇنى گورتو دېگەن يەردە يېڭى ئۆلكە باشلىقى يۇەن داخۇانىڭ ئېلانىنى كوردى، ئۇنىڭدا ئىچكىرىدە ئون نەچچە ئۆلكىدىكى خەنزۇلار قوزغۇلۇپ مانجۇلارنى يوقاتتى، خە بىلەن ياڭ يولسىزلىق قىلىپ مانجۇنى قوغداپ خەنزۇلارنى قىردى. ئۆز قېرىندىشىنى پاچەلىك يوسۇندا ئۆز قېرىندىشىغا قىرغۇزدى، ئىلى تەرەپ ھەققەتەن بۇنداق قىلىشقا چىداپ تۇرالمايۋاتىدۇ دېيىلگەن.

مۇخبىر يازىدۇ: ئىلىدا خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە قازاقلار بىرلىشىپ جۇمھۇرىيەت قۇرغانلىقىغا خەنزۇلار ھەققەتەن ئىشەنمەيدۇ. ئۇرۇمچىدە ھەممىسى خەنزۇ بولغانلىقىدىن يۇەن داخۇا مۇشۇ سۈيىقەستلىك ئېلانىنى چىقىرىش بىلەن ئۆزقىسمىنىڭ ئىرادىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈپ

بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكچى. ئۇلگۇر يۈەن داخۇانىڭ ھىيلىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مائاۋىن باشلىقى چېڭ جۇنجۇرۇ تونۇگۈن ئويدىن جىددى خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ رۇسىيە ئارقىلىق خۇنەنگە قايتماقچى بوپتۇ، ئىلتىماسىنى دۇدۇ تەستىقلىغان ئىكەن.

«يېڭى گېزىت» 10 – ساندىن ئېلىندى

(جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى 3 – ئاينىڭ
2 – كۈنى قەمەرىيە 1 – ئاينىڭ 2 – كۈنى)

ئىلى خەلق قوشۇنىدىكى ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ مۇھاپىزەتچىلىرى سەي بىلەن چيەن ئىككى خائىن دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى داۋاملىق قايتىپ كەلگەن. مەزكۇر پولكنىڭ باشلىقى جاڭ پولكنى قايتا قۇردى. ئادەم، ئات ۋە قورال-ياراقلار تولۇقلاندى. ئۇلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىش روھى ناھايىتى ئۈستۈن. ساخار موڭغۇلدىن تاللانغان 2 تۇغلۇق قىسىم بەك مەرگەن ۋە ئاتقا ماھىر ئىكەن.

خەلق قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىسمىدىكى لى ياچۇەن باتۇر ھەم پىلانلىق بولۇپ، ھەر ئۇرۇشتا ئالدىدا ماڭىدۇ. ئارقا سەپنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ. تېزلىكتە لايىق كىشى تەيىنلەپ جىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. تۈنۈگۈن ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ مۇئاۋىنى شۇشىڭۋۇ ئەسكەر باشلاپ جىڭغا ماڭدى. جىڭدا تۇرۇپ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشمەكچى.

23 – كۈندىكى ئۇرۇشتا دۈشمەن قوشۇنى قورقۇپ



شىخوغا چېكىنىپ كىرىۋېلىپ سېپىلدىن چىقماي تۇرۇۋالدى. ئەمدى كېڭەش ئىدارىسى مۇشۇ ئاينىڭ 5 – كۈنى ھەربى ئەمۇرى ئورۇنلارنى يىغىپ مۇداپىئە قىلىش ۋە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. قارار قىلىنغاندىن كېيىن ئالدىنقى قىسىملارنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشنى تېلېگىرام بىلەن بۇيرۇپتۇ.

ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ مائاۋىن باشلىقى شۇشىڭۋۇ شەرققە يۈرگۈچى قىسىملارنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن پولك باشلىقى ما بىلەن بىرلىكتە كۆرەدىن يولغا چىقتى. دودۇدىن باشقا ئىدارە بولۇم ۋە ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى خادىملار داقا-دۇمباقلار بىلەن شىمالى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەملەر تولۇپ، تاماشا قىلىشتى، مۇنداق ئەھۋال ئەزەلدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى.

شۇشىڭۋۇ بۇ قېتىم نەچچە ئون كىشىنى بىللە ئېلىپ ماڭدى. بۇ كىشىلەر جەنۇبى جۇڭگودىن يېتەكلىنىپ كەلگەن پىشقەدەملەر بولۇپ ھەربى ئىلىمدىن خەۋەردار. ئۇلار ئەسلىدە ھەربى ئىشلار بولۇمىدە مۇشاۋىر، خوجىلىق، قورال-ياراق، ھەربى قانۇن، ھەربى تۈزۈم ۋە كاتىۋات ئىشلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. بۇلار قەھرىمانلىق بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى خالايدۇ. شۇڭا بۇلار شۇشىڭۋۇ بىلەن بىرلىكتە شەرققە ماڭدى ھەمدە نەچچە ئون مۇھاپىزەتچى ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارمۇ جەنۇبى جۇڭگودىن كەلگەن كونا جەڭچىلەردۇر.

خەلق قوشۇنى ئۆتمۈشتە ئىككى قېتىم شىخوغا كىرەل-

مەسلىگىنىڭ سەۋىيىسى بىرىنچىدىن باتالىيون باشلىقى لى زې-
يەن قۇربان بولدى. ئىككىنچىدىن سەي بىلەن چيەن ئىك-
كىسى خائىنلىق قىلىپ تەسلىم بولدى. بۇ قېتىمقى شەرققە
يۈرۈش ئۇتكەنكى ئىككى تەجرىبىنى كوز ئالدىدا تۇتۇپ
تەمىناتنى تولۇقلىغانلىقتىن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

خەلق قوشۇنىدىكى خائىن سەي دۇشمەنگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇكىسى ××× ھەربى ئىشلار بولۇمى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىندى. چيەن خائىن دۇش-مەنگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خوتۇن بالا-چاقىلىرى كورەگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ خوتۇن بالا-چاقىلىرىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ تىگىشلىك جازا بېرىش كېرەك دەپ ئەرز قىلدى. دودۇخى بىلەن ياڭ ئىككىسى گۇناكار قاتارىدا سوت قىلىشقا قوشۇلمىدى.

تۇنۇگۇن كېچەش ئىدارىسى بىر تاختاي راسلاپ دەرۋازا ئالدىغا ئېسىپ، گېزىت سېتىۋالالمايدىغانلارنىڭ گېزىت كورۇشىگە ئوڭۇشلۇق بولسۇن ئۇچۇن كوندىلىك گېزىتنى چاپلاپ تۇردى. يېقىندا گېزىت ئوقۇيدىغانلار ناھايىتى كوپەيدى. بۇنىڭغا قارىغاندا يېڭى يولغا باشلاش ئاسان ئىكەن. ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ مۇشۇنىڭدىن ئۇلگە ئېلىپ خەلقنىڭ ساۋادىنى ئاشۇرۇشنى ئۇمىت قىلىمىز.

ئالدىنقى كۇنى (3-ئاينىڭ 2-كۇنى) ئىلى خەلق قوشۇنىنىڭ ھەربى ئىشلار بولۇمى باشلىقى ياڭ زۇڭجاڭ جىڭدىن ئىلىغا قايتتى. تېلېگرام ئىدارىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى لۇ زىشىنىڭ ھارۋىسى ئەسلىدە مۇھاپىزەت قىسمى بىلەن بىرگە مېڭىپ تۇرغان ئىدى. لېكىن يول پاتقاق بولغىنى ئۇچۇن مېڭىش ئاستا بولۇپ ئارقىدا قەپ-



قالدى. كەچ بولغاندا سۇيدۇڭگە قاراشلىق سەندوۋەن دىگەن يەرگە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت بىر نەچچە قاراقچى كېلىپ، بۇلىماقچى بولغاندا ھارۋىكەش ھارۋىنى يۇگۇرتۇپ قاچىدۇ. كۇتۇلمىگەن بىر ۋاقىتتا ئاتلار ئۇركۇپ ھارۋا كومتۇرۇلىدۇ. ھارۋا لۇ زىشىنىڭ سول بىلىگىنى بېسىپ ئوتىدۇ. ئۇ ھوشى-دىن كېتىدۇ. ھارۋىدىكىلەر ئۇنى جەنۇبى دەرۋازا سىرتىدىكى ۋاڭ رولىڭنىڭ ئويىگە يەتكۇزۇپ داۋالاتتى (ئانچە ئېغىر ئەمەسمىش) مەزكۇر ھارۋا ئارقىدا قالغانلىقتىن ئىككى ئېتىنى بۇلاپ كەتتى، تېپچىلىق ساقلاش باتالىيونى ئادەم بۇيرۇپ ئوغرىنى قوغلىغان بولسىمۇ تېخى تۇتۇپ كېلەلمىدى.

«يېڭى گېزىت» 15-ساندىن ئېلىندى
(جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1-يىلى 3-ئاينىڭ
7-كۇنى قەمەرىيە 1-ئاينىڭ 19-كۇنى)

ئىلى خەلق قوشۇنى بىرنەچچە كۇن ئۇدا ئاتلىق، پىيادە زەمبىرەك قىسىملىرىنى ماڭدۇردى، تۇنۇگۇن ھەرقايسى ئىدارە بولۇملەرنىڭ خادىملىرى-داقا-دۇمباقلار بىلەن بىر باتالىيون ئەسكەرنى ئۇزۇتۇپ قويدى، ھەر قىسىمدىكى ئەسكەرلەر خوشال-خورام قەھرىمانلىق كەيپىياتىنى كورسەتتى.

دۇشمەن قوشۇنى تودوگىدا بولغان ئۇرۇشتا كوپ چىقىم تارتتى، خەلق قوشۇنىنىڭ زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارتلاش كۇچى ناھايىتى ئۇستۇن بولغانلىقى ۋە پىيادە قىسىملار نىشانلاپ ئوق ياغدۇرغانلىقى ئۇچۇن دۇشمەن تەرەپ كوپ چىقىمدار بولدى، دۇشمەن ئەسكەرلىرى بۇ قېتىمقى زەربىنى يىگەندىن كېيىن ئۇرۇشتىن باش تارتى-دىغان بولۇپ قالدى.

دۈشمەن قوشۇنىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلغان قىسىملىرى مەلۇم بولۇشىچە، ئىككى ئاتلىق باتالىيون، 3 پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى ئىككى زەمبىرەك دۈيى، 3 قورۇلۇش باتالىيونى، ۋە 3 سەييارە ساقچى دۈيىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇرۇنقى ئۆلكە باشلىقى لىيەن كوي ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئالدۇرغان ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە گەنسۇلىقلار، لياڭجۇلىقلار كۆپ، يۈەن داخۇا تەمىناتىنى توختۇتۇش ۋە قىسقارتىش ئىشلىرىنى قىلغانلىقتىن باتالىيونلاردىكى ئادەم سانى تولۇق ئەمەس، جايلاردىن گەرچە ئەسكەر قوبۇل قىلساقمۇ لېكىن تەمىنات (ھەر ئايدا بىر كىشىگە 4 سەر 8 مىسقال پۇل بېرىلەتتى) ئاشۇرۇلمىدى تاللاشقا ئارتۇقچە تەلەپ قويغىلى بولمىدى. خۇنەن، خۇبېينىڭ ياشلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، ئەسكەر بولىدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك بولدى. ھەربى باشلىقلار كونا يېڭىلاردىن ئارىلاش بولغانلىقتىن بىر كۆڭۈل، بىر مەقسەتلىك بولالمىدى، ئامالسىز قالغان يۈەن داخۇا ھەر قايسى باتالىيونغا كىرگۈزۈپ، جۇدى جىڭنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇردى. ھەربى كۈچى ھەقىقەتەن ئاجىز.

## گېزىتخانىمىز ئۇرۇش ئەنزارچىسى ئەۋەتىپ ئۇرۇش خاتىرىسى يازدى

مەن 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى (قەمەرىيە 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) چۈش ۋاقتى بىلەن جىڭغا يېتىپ بېرىپ، غەربى دەرۋازا سىرتىدىكى بىر سارايغا چۈشتۈم. شۇ كۈنى بەك چارچاپ كەتكەن ئىكەنمەن سىرتقا چىقماي سارايۋەننىڭ ئۆيىدە دەم ئالدىم. سارايىنىڭ ئىچى بەك قالايمىقان ئىدى. تەمىنات



ئۈشۈيدىغان ھارۋىكەشلەر ھەممىلا ئۆيگە ئورۇنلىشىۋاپتۇ. قىيا-چىيا ئات - ئۇلاقلارنىڭ كىشنەشلىرى كىشىنى تۈزۈك ئۇخلاتقىلى قويمايتتى، ئەتىسى ئەتىگەنلىكتە دوستلارنى يوقلاپ كېلەي دەپ شەھەر ئىچىگە كىرسەم دوستلار كۆچۈپ كەتكەن ئىكەن كۆرۈشەلمەي يەنە سارايغا قايتىپ كېلىپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلدىم. ئاندىن باتالىيون ۋە دۈيلەرگە بېرىپ ھەربى ئەھۋالنى ئىگەللىمەكچى بولدۇم. بىراق ھەربى ئورگانلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ئەھۋال بەك قىيىن كەلدى. بەختىگە يارىشا ھەربىلەردىن بىرنەچچە تونۇشۇم چىقىپ قالدى. گۇمانلىنىشلار بىر ئاز كۆتۈرۈلدى. شۇ كېچىسى قورۇلۇش باتالىيونىدىكى تونۇشۇمنىڭ ياتىقىدا بىللە ياتتىم. تېخى تاڭ ئاتمىغاندا مەزكۇر باتالىيون شەرققە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى ئالدى. مەن شۇلار بىلەن بىرلىكتە ماڭماقچى بولدۇم. 3 - كۈنى ئەتىگەنلىكتە سارايغا بېرىپ يۈك - تاقنى ئۆتكۈزۈپ يوتقان - كۆرپە ئالماي بىر يامغۇرلۇقنى ئېلىپلا ئاتقا مىنىپ ھارۋا دۈيى بىلەن بىرگە يولغا چىقتىم، شەھەر ئىچى ۋە تېشىدىكى ئاھالىلار ئەسكەرلەرنىڭ ماڭغانلىقىغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ھاياجانلاندى، لېكىن سودىگەرلەر ناھايىتى جىم - جىت يۈردى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ھاۋا ئوچۇق تۇراتتى. بىردەمدە ھاۋا تۇتۇلدى. جىڭدىن چىققان سوغاق شامال يۈز - كۆزلەرگە زەھەردەك تېگىشكە باشلىدى. چوقۇم قاتتىق ئۇرۇش بولامدۇ دەپ ئويلاندىم. شۇ كۈنى كەچتە قوم بۇلاققا چۈشكۈن قىلدۇق. بۇ يەردە ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. ھەممىسىگە ئەسكەر چۈشۈۋاپتۇ، مەن يامغۇرلۇقنى يېپىنىپ بىر پىشايۋان ئاستىدا ياتتىم. نەچچە

كۈندىن ھاردۇق يەتكەنلىكتىن دەرھال ئۇيقۇغا كېتىپ چۈشۈمدە خەلق قوشۇنلىرى بىلەن دۈشمەن قوشۇنلىرى سەپ تارتىپ سوقۇشقانلىقىنى كۆرۈپتىمەن. ئېگىز تاغ بېشىدا تۇرۇپ ئىككى تەرەپنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى تاماشا قىپتىمەن. ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازلىرى يەر-جاھاننى تىترىتىۋەتتى. دۈشمەن قوشۇنى بىر يەرگە توپلىنىپ قاپتۇ، خەلق قوشۇنى توپقا تۇتۇپ دۈشمەندىن نەچچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇرۇش راسا قىزىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز بىلەن دۈشمەن قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. خەلق قوشۇنى شىددەتلىك قوغلىدى. مەنمۇ ئاتلىق قوغلىدۇم. ئېتىم بىر ئېگىز دۆڭدىن سەكرىگەندە ئاتتىن ئۇچۇپ كەتتىم. چۆچۈپ ئويغانسام پىشايۋان ئاستىدا ئاتنىڭ يېنىدا يېتىپتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم. بىردەمدە ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. مەنمۇ ئاتنى توقۇپ ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ماڭدىم. شۇ كۈنى كەچكىچە يامغۇر ياغدى. كەچتە تودوگقا چۈشۈپ قوندۇق. بۇيرۇق ناھايىتى چىڭ ئىدى. مەنمۇ قالايمىقان ھەركەت قىلالمىدىم. كېچىسى يامغۇر قاتتىق ياغدى. مەن ئات ئوقۇرىنىڭ ئاستىدا ياتتىم. توخۇ چىللىغاندا بىردىنلا يورۇت كۆرۈندى. ئۇرۇش باشلانغانلىقىنى بىلدىم-دە تاماق يەپ تەييارلىنىپ ئۇرۇشنى كۈزەتمەكچى بولدۇم. ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارنىڭ باشلىقى خائىن چيەن گۇاڭخەن دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىر تۈركۈم ئەسكەرلەرنى باشلاپ دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. ئالدىدا ماڭغانلارغا دۈشمەنگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئۈچرىغان خەلق قوشۇنىنى ئۆلتۈرۈشكە



بۇيرۇق بەردى. چيەن گۇاڭخەن ئەسلىدە ئالدىنقى قىسىمنىڭ قوماندانى ئىدى، خەلق قوشۇنلىرىغا كۆز-قولاق بولۇپ بارلىق پىيادە زەمبىرەك قىسىملارنى باشلاپ ماڭىدۇ. 3-كۈنى ھەممىسى جىڭدىن چىقىپ 4-كۈنى كەچتە تۇدوگ دىگەن يەرگە چۈشكۈن قىلىدۇ. قوملۇقتا ئىككى كۈن يول ماڭغان ئات-ئۇلاق ئادەملەرگە ھاردۇق يەتكەن ئىدى. شۇ كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ يامغۇر ياغدى. يېرىم كېچىدە سارايىنىڭ ئوتخانىسىغا ئوت كەتتى، خەلق قوشۇنلىرى ئارىسىدا بۇزۇقلار بار ئىكەن دەپ ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇشقا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى. تاڭ ئاتقاندا ھەممىسى يولغا چىقتى. پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ رازۋېتكا قىسمىغا بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپتىن ئىلگىرىلەپ مېڭىشقا بۇيرۇق قىلدى. 20 يولدەك ماڭغاندا ئالدى تەرەپتىن زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى. خەلق قوشۇنى ئۆزىدىكى زەمبىرەكلەرنى يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇردى، دۈشمەننىڭ پۈتۈن دالىغا تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى، دۈشمەنگە قارشى تەييارلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى، خەلق قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەك قىسىملىرى ئەپلىك يەرگە ئورۇنلاشقانلىقتىن دەرھال ئوت ئاچتى. دۈشمەن قىسىملىرى يېڭىلدى. باشقا پىيادە ۋە قوراللىق قىسىملىرى باتۇرلارچە ئىلگىرىلىدى، قانلىق جەڭ بولۇۋاتقاندا دۈشمەننىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى تاغ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى دىگەن خەۋەر پەيدا بولدى. بەزىلەر خائىن چيەن گۇاڭخەننىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. خەلق قوشۇنلىرى زەمبىرەكلەرنى ئۇلارغا قارىتىپ قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەشكە دۈشمەن مەغلۇپ بولدى. چۈشتىن كېيىن سائەت

3 بولغاندا دۈشمەننىڭ ھەممە قىسمى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. خەلق قوشۇنلىرى قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىپ زور غەلىبىگە ئېرىشتى. خەلق قوشۇنى قوغلاپ كۈچاۋزا دىگەن يەرگە كەلگەندە 20 نەپەر پىيادە ئەسكەر دۈشمەننىڭ 4 زەمبىرىكىنى تارتىۋالدى. سورەپ مېڭىشقا ئات بولمىغانلىقتىن دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ 20 كىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ زەمبىرەكلەرنى تارتىۋېلىپ كەتتى. بۇ 5-كۈنىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى. مەن خەلق قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە نەچچە كۈن يول يۈرۈپ چارچاپ كوپ جاپا تارتقان بولسامۇ، لېكىن خەلق قوشۇنلىرىنىڭ ئىنتىزاملىق يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ چارچىمىغانلىقىنى كوردۇم. دۈشمەننىڭ بېشىنى ئالمىغىچە ئارام ئالمايمىز دېيىشىۋاتىدۇ. خەلق قوشۇنلىرىنىڭ ئىرادىسى مۇشۇنداق قەتئىي تۇرسا دۈشمەنلەر نىمىشقا تارمار بولمىسۇن.

سۈيدۈڭ خەلق ئىشلار باشلىقى تۇنۇگۈن يەنە ئېلان چىقاردى، ئاساسى مەزمۇنى: ئەمدى سىياسى ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئىلىدىكى ھەر قايسى ئۇرۇغداشلارنى يۇرت ئايرىماستىن بىردەك پۇخرا دەپ قارىلىدۇ. مۇندىن ئىلگىرى خىتايلار ئىسلام دىنىنى كىچىك دىن دەپ قارايتتى، مۇنداق پەرقلىق ئاتاش كىشىنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ. بىرلىك-باراۋەرلىك مەسلىگىگە خىلاپ. بۇندىن كېيىن ھەرقانداق كىشىنىڭ مەزكور دىنىنى كىچىك دىن دەپ ئاتىشىغا يول قويۇلمايدۇ، خىلاپلىق قىلغانلار بولسا بىر سەردىن يۇقۇرى 5 سەردىن تۆۋەن جەرىمانە پۇل ئېلىنىدۇ دەپ شۇبۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.



شۇ ۋە باتالىيونىدا دىلونبۇ، سانگىئا، چىڭسەي ۋە جىڭشىدىن ئىبارەت 4 كىشى مەزكور باتالىيونغا يوشۇرۇنۇپ تۇزغۇلاڭ قىلماقچى بولغاندا مەزكۇر باتالىيون باشلىقى قولغا ئېلىپ ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرغان ئىكەن، تەكشۈرۈشتە راس بولۇپ چىقتى. دىلونبۇ ۋە سانگىئاغا 10 يىلدىن قاماق جازاسى، چىڭسەي ۋە جىڭتى ئىككىسىگە 5 يىلدىن قاماق جازاسى بەرمەكچى بولدى. نوۋەتتە خەلق ئىشلار ئىدارىسى مەزكور جىنايەتچىلەرنى سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە تاپشۇرۇپ گۇندىخانىلارغا سولاپ قويۇشقا بۇيرۇق بېرىلدى.

«يېڭى گېزىت» 16-ساندىن ئېلىندى.
(جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1-يىلى 3-ئاينىڭ
8-كۈنى قەمەرىيە 1-ئاينىڭ 20-كۈنى)

ئىلى خەلق قوشۇنى ئاتلىق قىسمىنىڭ 3-پولك باشلىقى جاۋ جىبىڭ دودۇنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئەسكەر ئېلىپ يەنە بىر پولك قۇرماقچى بولدى. جاۋ ئەسلىدە ئىلى قۇرۇقلۇق ھەربى مەكتەپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. جىڭ رۇي جياڭجۇنىڭ ۋاقتىدىن قالغان قۇرۇقلۇق ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جاۋ جىبىڭغا ئەسكەرلىككە يېزىلدى. ئۇلارنىڭ ئات ھازىرلاپ پولك قۇرماقچى بولدى. ئۇرۇش سەنئىتى باشقىلاردىن ئارتۇق بولغىنى ئۈچۈن ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەگە يارامىلق ئاساسى ئەسكەر قىلماقچى.

يېقىنقى كۈزۈرۈك دىگەن يەر مۇھىم ئورۇن. ئوتتۇرىسىدا يول، ئىككى تەرىپى قومۇشلۇق، خەلق قوشۇنلىرى قوم بولاق ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دۈشمەنلەر نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ يەرگە توپلىنىپ، خەلق قوشۇنىنىڭ

يولىنى ئۈزۈۋېتىپ مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن لەخمە (ئاكوپ) كولاۋاتىدۇ. خەلق قوشۇنلىرى ئىلىدىن جىڭغىچە بولغان يولدا ھەربىي پۇنكىت قۇرۇپ، ئەسكەر قويۇپ، ئوبدان مۇداپىئە كۆرمەكتە، تەمىناتى يېتەرلىك بولماقتا.

خەلق قوشۇنلىرىنىڭ قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرى ئىلىدىكى جەنۇپ ۋە شىمال ئىككى ئامباردا ناھايىتى كۆپ ساقلانغان. ئامبارچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئامباردا ساقلانغان ئوق-دورىلار بىلەن ئىككى دىۋىزىيە ئەسكەرنى بىر يىل تەمىنلىگىلى بولىدىكەن.

دۈشمەن قوشۇنى شىخودا تۇرۇپ، ھۇجۇم قىلماستىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرمەكچى بوپتۇ. خەلق قوشۇنى بىر باتالىيون قۇرۇللۇق ئەسكەرلىرىنى ئېۋەتىپ يىقىلغان كۆۋرۈك دېگەن يەرگە دۈشمەن كولىغان لەخمىگە ۋاقىتلىق كۆۋرۈك ياسىماقچى بولدى.

يۈەن داخۇا گوباۋجۇنى باش مۇشاۋىرلىققا تەيىنلەپ شىخودا تۇرغۇزۇپ ئىش باشقۇرماقتا.

يۈەن داخۇا ئۆتكەن كۈنى تېلېگرام ئارقىلىق تارباغاتايدىكى ياڭ جىنباڭنىڭ بىر باتالىيون (ئەمەلىيەتتە 122 كىشى) پىيادە ئەسكەر بىلەن تارباغاتاي شەھرىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان شى زېلۇڭنىڭ ئىككى تۇغلۇق (ئەمەلىيەتتە 108 كىشى) ئاتلىق ئەسكىرىنى شىخوغا كېلىپ خەلق قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈشىنى توساشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ۋە كېڭەش ئىدارىسى دۇدۇنىڭ ئەمرى بويىچە قوغداش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. مەزكۇر ئىدارىنىڭ قارارىدا ئىلگىرىكى قازاق ئەسكەرلىرىنى قايتا تاللاپ ئۇلارغا ئايلىق قوشۇپ



بىرىلىدۇ. بۇ قىسىم ئامانلىق ساقلاش دۈيىنىڭ بىر قىسىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنى ئارىلاپ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بانديت ئوغرىلاردىن قوغدايدۇ، دەپ يېزىلغان. بۇ قارارنى خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئارقىلىق قازاق باشقارمىسىنىڭ خەلق ئىشلار باشلىقلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىپ، دودۇغا يوللىدى.

خەلق قوشۇنى ئىسيان كۆتەرگەندىن كېيىن سۇيدۇڭدىن جىڭغىچە بولغان مۇھىم جايلاردا ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ھەربىي بېكەت قۇرۇپ ئالدىنقى سەپنىڭ ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى، ئوق-دورا-تەمىناتلارنى يەتكۈزۈپ تۇردى. يولۇچىلارنى قوغدىدى. بۇرۇن ئىلى بىلەن جىڭنىڭ ئارىلىقىدىكى بېكەتلەر ئىسمى بار جىسمى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىشلار باشلىقى ئەشۇ قۇرۇق ئورۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

«يېڭى گېزىت» 1-سانىدىن ئېلىندى.

(جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1-يىلى 3-ئاينىڭ 9-كۈنى قەمەرىيە 1-ئاينىڭ 21-كۈنى)

كۈرەدىكى سولۇن باتالىيون باشلىقى كويلىيەن ئەپەندى ئەزەلدىن جامائەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، گېزىت خەۋىرىگە قىزىقىدۇ. گېزىتخانىمىزنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن كۈنىگە 10 سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە بەرمەكچى. بىزلەر خەلقنىڭ ئاڭ-پىكرىنى ئېچىپ تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن بۇ گېزىتنى چىقاردۇق. يىللىق پايدا كىرىمى خېلى كۆپ. كويلىيەن ئەپەندىنىڭ بۇ ئىئانە پۇلىنى قوبۇل قىلالمايمىز. رەھمەت ئوقۇيمىز.

كويلىيەن ئەپەندىنىڭ بۇ قىزغىنلىقى كىشىنى ھاياجانلاندۇرۇدۇ.

جىڭ ساخاردىكى موڭغۇللارنىڭ قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ قېتىم ئۆلگەن خەلق ئەسكەرلىرىنى دەپنە قىلىش راسخودى ۋە يارادارلارنى بېقىش خىراجىتى ئۈچۈن تولەنگەن پۇللارنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، جەمئى 21 مىڭ 9 يۈز سەر بولغان. بۇنىڭ ئىچىگە خەلقنىڭ زىيان تارتقان مال-مۈلۈكلىرى زويى زوڭگۇەن (ئوكۇرداي) بىرىشكە تېگىشلىك جەرىمانە پۇللار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

يۈەن داخۇا قاچقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە خەلق خاتىرجەم بولۇشتى. بىرلىكنى تەسلەش جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى، جەنۇپ بىلەن شىمالنىڭ پىكىرلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى قاتناپ يۈرمەكتە. ھوكۇمەت ئورۇنلىرىدا چاچ كەسكەنلەر 70-80 گە يەتتى.

ئۆلكىدىن كەلگەن خەتكە بىنائەن ئېنىق تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ئالدىنقى ئايدا يۈەن داخۇا ۋاڭ پېيلەننى بارىكۆلنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. يۈەن داخۇا شەرقى يولنى تازىلاش باناسى بىلەن قاچتى. 8 يۈز مىڭ تالدىن ئارتۇق ئوق-دورا 2 يۈز مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش پۇل ئېلىپ كەتكەن. ياڭ دودۇ ئامالسىز ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. ۋاڭ پېيلەن ئىشقا چۈشكەنلىكى ئېنىقلانغاندا ئاندىن خەۋەر قىلىمىز. بارىكۆلنىڭ باشلىقى يىنى ھەممە كىشى قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار قەستلەپ ئۆلتۈرگەن دەپ چۈشەنگەن. يېقىندىكى ئېنىق خەۋەرگە قارىغاندا، يۈەن داخۇا بۇرۇن ئۇنى نەچچە قېتىم يوتكىسە بويسۇنمىغان ئىكەن. يول توساپ ئەسكىلىك قىلىشىدىن ئەندىشە



قىلغان يۈەن داخۇا نۇرغۇن كىشىنى ئۇيغۇرچە ياساندۇرۇپ ئۇنى نەنشەن ئېغىزىدا توساپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

قەمەرىيە 4-ئاينىڭ 19-ۋە 20-ئىككى كۈندە ئۈرۈمچىدە پىتنە ئېغۋا كوپ تارقىلىپ كىشىلەرنىڭ كوڭلى خاتىرجەمسىزلەندى. ھەر ساھەدىكى كىشىلەردىن ئوقىتىشنى تاشلاپ ئۈركۈپ يۈرگەنلەر ناھايىتى كوپ، ھەتتا نۇرغۇن كىشى كېچىسى ئۇخلىيالمىغان، يۈەن داخۇا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ كوڭلى ئاستا-ئاستا خاتىرجەملەشتى.

«يېڭى گېزىت» 121-ساندىن ئېلىندى.

(جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى قەمەرىيە 5-ئاينىڭ 20-كۈنى)

**新疆文史资料选辑（9）**（维吾尔文）

中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区

委员会文史资料研究委员会　编

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂排版

新疆乌苏县印刷厂印刷

787×1092毫米　32开本　6.875印张

1982年1月第1版　1982年4月第1次印刷

印数：1—7,000

---

统一书号：M11098·95　定价：0.40元

（内部发行）

书号：M11098·95
定价：　0.40元